ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەردىن بەھرىلىنىش مەجمۇئەسى - 5
3

# ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى

تۈزگۈچى: مۇھەممەت رەھىم



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى
شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن

ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەردىن بەھرىلىنىش مەجمۇئەسى - 5

چاھار دەرۋىش
قىسسەئى مەشرەپ
**ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى**
ئۇيغۇر خەلق بالىلار قوشاقلىرى
جاھاننامە
بىر مىڭ بىر كېچە ھېكايىلىرى -1
بىر مىڭ بىر كېچە ھېكايىلىرى -2
بىر مىڭ بىر كېچە ھېكايىلىرى -3
بىر مىڭ بىر كېچە ھېكايىلىرى -4
بىر مىڭ بىر كېچە ھېكايىلىرى -5

28.00

ISBN 978-7-5469-1442-8
9 787546 914428 >
总定价:250.00元（全10册）

uyghurkitap.com



هۆرمەتلىك ____________ گە:

سىزگە تەقدىم ئېتىلگەن «ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» ناملىق بۇ كىتابقا خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى مىراسلىرىدىن بىرى بولغان ئەڭ نادىر ماقال - تەمسىللەر مەزمۇن بويىچە تاللاپ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، سىزنىڭ مەنىۋىيەت خەزىنىڭىزنى بېيىتىشىڭىزدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغۇسى.

____________ دىن

- يىلى - ئاينىڭ - كۈنى





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەردىن بەھرىلىنىش مەجمۇئەسى - 5

3

# ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى

تۈزگۈچى: مۇھەممەت رەھىم

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

مەجمۇئە نامى: ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەردىن
بەھرىلىنىش مەجمۇئەسى ـ 5 (3)
كىتاب نامى: ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى
پىلانلىغۇچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
تۈزگۈچى: مۇھەممەد رەھىم
مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
مەرھابا تەۋەككۇل
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلباھار توختەم
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن
نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكتىرون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 12.75
نەشرى: 2011 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2011 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-5469-1442-8
ئومۇمىي باھاسى: 250.00 يۈەن (جەمئىي 10 كىتاب)

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى توغرىسىدا ........................ 1
ۋەتەن، ئەل ـ يۇرت توغرىسىدا ............................ 1
ئىتتىپاقلىق ۋە ئىتتىپاقسىزلىق توغرىسىدا ................ 8
دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىك توغرىسىدا ........................ 14
باتۇرلۇق، مەردلىك ۋە قورقۇنچاقلىق توغرىسىدا ............ 22
بىلىم، ھۈنەر ۋە نادانلىق توغرىسىدا ..................... 30
ئەقىل ـ ئىدراك ۋە ئەخمەقلىق توغرىسىدا ................. 40
ئىش ـ ئەمگەك ۋە ھۇرۇنلۇق توغرىسىدا .................... 56
دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك توغرىسىدا ...... 73
ۋاقىت، مەزگىل ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى توغرىسىدا ......... 84
راستچىللىق، يالغانچىلىق ۋە ھىيلە ـ مىكىر توغرىسىدا ··· 91
كەمتەرلىك، تەكەببۇرلۇق ۋە ماختانچاقلىق توغرىسىدا ...... 99
ھوشيارلىق، ئېھتىياتچانلىق ۋە بىپەرۋالىق توغرىسىدا ··· 107
ئىقتىسادچىللىق ۋە ئىسراپچىلىق توغرىسىدا ............... 113
ئار ـ نومۇس توغرىسىدا ................................ 117
سەۋر ـ تاقەت ۋە ئالدىراڭغۇلۇق توغرىسىدا ............... 120
ئارزۇ ـ ئۈمىد ۋە چىدام ـ غەيرەت توغرىسىدا ............ 126
ئىززەت ـ ئابرۇي ۋە قەدىر ـ قىممەت توغرىسىدا .......... 131
بەخت ـ تەلەي ۋە تەۋەككۈلچىلىك توغرىسىدا .............. 139
ياشلىق ، قېرىلىق ۋە ئۆمۈر توغرىسىدا .................. 145

تازىلىق، سالامەتلىك ۋە ئۆلۈم ـ يېتىم توغرىسىدا ……… 155
تىل ۋە گەپ ـ سۆز توغرىسىدا ……………………… 164
تىنچ ـ ئامانلىق، ئەندىشە ۋە غەم ـ قايغۇ توغرىسىدا …… 178
ھەمكارلىق، ئادەمگەرچىلىك ۋە نائەھلىيلىك توغرىسىدا … 183
مىجەز ـ خۇلق ۋە كىشى تەبىئىتى توغرىسىدا ………… 192
تۇرلۇك جىسمانىي ئەيىبلەر توغرىسىدا ………………… 205
ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە تەربىيە توغرىسىدا ………………… 212
زىبۇ ـ زىننەت ۋە ياسانچۇقلۇق توغرىسىدا …………… 217
ئىشق ـ مۇھەببەت ۋە چىراي توغرىسىدا …………… 220
ئائىلە، ئاتا ـ ئانا، ۋە پەرزەنت توغرىسىدا …………… 230
ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە قولۇم ـ قوشنا توغرىسىدا ………… 252
توي ـ تۆكۈن ۋە مېھماندوستلۇق توغرىسىدا ………… 258
سەپەر ۋە يولداشلىق توغرىسىدا ……………………… 265
غېرىب ـ مۇساپىر ۋە يېتىملىك توغرىسىدا ………… 270
تاماق ۋە يېمەك ـ ئىچمەك توغرىسىدا ……………… 273
ھايۋانات ۋە نەرسىلەر توغرىسىدا …………………… 277
تۇرلۇك ئىجتىمائىي ئەھۋاللار توغرىسىدا …………… 287
بايلىق ۋە كەمبەغەللىك توغرىسىدا ………………… 313
ياخشى ـ يامان ۋە ياخشىلىق ـ يامانلىق توغرىسىدا …… 326
سېخىيلىق، بېخىللىق، ئىنساپ ۋە مەنپەئەت توغرىسىدا … 337
كەسىپ، تىجارەت ۋە ئىشلەش ـ بېرىش مۇناسىۋەتلىرى
توغرىسىدا ……………………………………… 350
يامان كەسىپ ۋە يامان ھەۋەسلەر توغرىسىدا ………… 363
دىنىي ئېتىقاد ۋە موللا توغرىسىدا ………………… 369
يۇقىرى تەبىقىنىڭ ماقال ـ تەمسىللىرى ……………… 376
ماۋزۇسىز ماقال ـ تەمسىللەر ……………………… 380

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى توغرىسىدا

بىزنىڭ باتۇر، ئەمگەكچان ۋە ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىز ياراتقان ماقال ـ تەمسىللەر خەلق دانىشمەنلىكىنىڭ نەمۇنىسى سۈپىتىدە تارىخىمىزنى يورۇتۇپ كەلمەكتە. خەلق ئۆز ماقال ـ تەمسىللىرىدە گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك، مۇھەببەت بىلەن نەپرەت توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى كۆز قاراشلىرىنى توغرا خۇلاسىلەپ، دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمغا ئۇيغۇن ئىلمىي يەكۈن چىقارغان. ماقال ـ تەمسىللەردىكى ئۆتكۈر پەلسەپىۋى پىكىر ۋە روشەن بەدىئىي ئالاھىدىلىك خەلق تەپەككۇرىنىڭ توغرا، ئىخچام ۋە ئوبرازلىق ئىپادىسىدۇر.

تۇرمۇشنى كۆزىتىش ۋە تونۇش چوڭقۇرلاشقانسېرى ئۇنىڭدىن ئالغان تەسىراتنى ئىپادىلەشمۇ شۇنچە ئىخچام ۋە مەزمۇنلۇق بولىدۇ. ماقال ـ تەمسىللەر رېئال تۇرمۇشنىڭ ئەنە شۇنداق مۇجەسسەم ئىپادىسى بولغىنى ئۈچۈن بىر مىللەتنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشىنىشتە قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى بىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىي تۇرمۇشىمىز بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان قىممەتلىك مىللىي مىراسلىرىمىزدىن بىرى بولۇپ قالدى.

مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ XI ئەسىردە يېزىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئۇلۇغ ئەسىرىدە ماقال ـ تەمسىللەرگە خېلى كۆپ ئورۇن بېرىلگەن. بۇ ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ بىرمۇنچىسى تۇرمۇشىمىزدا ھازىرمۇ ئىستېمال قىلىنماقتا. مەسىلەن:

ئاش تاتىغى تۇز،
(ئاشنىڭ تەمى تۇز بىلەن).

ئالىمچى ئارسلان، بېرىمچى سىچقان.
(ئالغۇچى ئارسلان، بەرگۈچى چاشقان).

ئاتىسى ئاچىق ئالما يېسە، ئوغلىنىڭ تىشى قامار،
(ئاتىسى غورا يېسە، ئوغلىنىڭ چىشى قاماپتۇ).

بۇ ماقال ـ تەمسىللەر «تۈركىي تىللار دىۋانى» يېزىلغان دەۋردىن كۆپ ئىلگىرى بارلىققا كەلگەنلىكى شۈبھىسىز. ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ تارىخىنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بەزىبىر ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ بارلىققا كەلگەن دەۋرىنى مۆلچەر قىلغىلى بولسىمۇ، كۆپچىلىكىنى مۆلچەرلەش مۇمكىن ئەمەس.

نۇرغۇن ماقال ـ تەمسىللەردە ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك روھى ئىپادىلەنگەن بولۇپ، خەلقىمىزنى بىلىم، ھۈنەر ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇپ كەلمەكتە. مەسىلەن:

ئادەم بالىسىنىڭ باھاسى ئىلىم بىلەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىلىملىك ئوزار، بىلىمسىز توزار.

بىلىمسىز ئادەم ـــ مېۋىسىز دەرەخ.

قىلىچنىڭ كۈچىدىن قەلەمنىڭ كۈچى ئارتۇق.

ھۈنىرى بار قول ئۆلمەس.

ماقال ـ تەمسىللەر تۇرمۇشتىكى قىممەتلىك تەجرىبە ـ ساۋاقلارنىڭ جەۋھىرى بولغاچقا، ئۇنىڭ قايىل قىلىش كۈچى ناھايىتى زور. بۇ خىل كۈچ ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ توغرا ھۆكۈم ۋە ھەقىقىي يەكۈن بولالىغانلىقىدىن كەلگەن. مەسىلەن:

ئورنىنى كىم كولىسا، ئۆزى چۈشىدۇ.

دوستقا تاپا قىلما، دۈشمەنگە كۈلكە.

قېرىسى بار ئۆينىڭ كىتابى بار.

سۆيمىگەنگە سۈركەلمە.

ماقال ـ تەمسىللەر سىنىپىي جەمئىيەتتە بىرلا سىنىپنىڭ مۈلكى بولۇپ قالمىدى، ئۇنىڭ ئىچىدە سىنىپىي كۈرەشنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى، تۈرلۈك ئىجتىمائىي قاتلاملارنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان پىكىر ـ ئۇقۇملار بار. ئەكسىچە ، ھەممە سىنىپ ۋە قاتلاملارغا ئورتاق ماقال ـ تەمسىللەرمۇ بار. ئەزگۈچى سىنىپلار ئەمگەكچى خەلقنى ئالداش

ۋە بويسۇندۇرۇش يولىدا ئۆزلىرىنىڭ مۇددىئاسىنى، تەبىئىتىنى ۋە مەنپەئەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ماقال ـ تەمسىللەردىن پايدىلىنىدۇ. مەسىلەن:

قۇم يىغىلىپ تاش بولماس،
قۇل يىغىلىپ باش بولماس.

تۆز ھەققى ــ خۇدا ھەققى.

بەرمىسىمۇ باي ياخشى،
يېمىسىمۇ ماي ياخشى.

ئەمگەكچى خەلق بولسا ئۆزلىرىنىڭ ئۆتكۈر ۋە ھەجۋىي ماقال ـ تەمسىللىرى بىلەن ئەزگۈچىلەرگە غەزەپ ـ نەپرەتلىرىنى ياغدۇرىدۇ، مەسخىرە قىلىدۇ ۋە ئازادلىق، ئەركىنلىك يولىدا كۈرەشكە چاقىرىدۇ. مەسىلەن:

بېرىشتە سانىقى توققۇز،
ئېلىشتا سانىقى ئوتتۇز.

ئوڭدا ياتقان گىردە يەپتۇ،
كەتمەن چاپقان جىگدە.

قىرىق ئاغىچا ئاچتىن ئۆلۈپتۇ.

جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتمەس.

ياش تۆككۈچە مۇش تۇغ.

ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ئەسىرلەردىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ تۇرلۇك ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى جەريانىدا يارىتىلغان بولغاچقا، تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە ھازىر جاۋاب بولالايدىغان مول مەزمۇنغا ئىگە. ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق ئىدىيەلىرى، دوستلارغا شەپقەت، دۈشمەنگە نەپرەت تۇيغۇلىرى، ئۆم - ئىناق ياشاش، ئەمگەك سۆيۈش، بىلىم - ھۈنەر ئۆگىنىش، ئەدەپ - ئەخلاق ۋە پەزىلەت ئىگىسى بولۇش توغرىسىدىكى پىكىرلەر ماقال - تەمسىللەرنى بىباھا قىممەتكە ئىگە قىلغان رەڭدار مەزمۇنلاردۇر.

ماقال - تەمسىللەر قەلەم ۋە ئېغىز ئۇتقىمىزنىڭ ئاممىبابلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان، تىلىمىزغا ئالاھىدە ئېنىقلىق، تېرەنلىك ۋە گۈزەللىك بېرىدىغان مۇھىم تىل بايلىقىمىزدۇر. مەسىلەن: يەرنى ئوغۇتلاشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا كۆپ سۆزلەشنىڭ ئورنىغا، «يەر تويمىغۇچە ئەل تويماس» دېگەن ماقالنى ئىشلەتسەك، گېپىمىز يىغىنچاق ۋە مەزمۇنلۇق بولىدۇ. شۇڭا خەلق ماقال - تەمسىللىرىنى ئۇلۇغ يازغۇچى ماكسىم گوركىي ناھايىتى يۇقىرى باھالاپ مۇنداق دېگەنىدى:

«ئومۇمەن ماقال - تەمسىللەر ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ پۈتۈن تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي، تارىخىي تەجرىبىلىرىنى نەمۇنىلىك سۈرەتتە شەكىللەندۈرىدۇ. يازغۇچى سۆزلەرنى خۇددى مۇشتۇمنى تۈگكەندەك ئىخچام قىلىشقا ئۆگىتىدىغان مۇنداق ماتېرىيال بىلەن تونۇشۇشى كېرەك.»

ماقال - تەمسىللەر يۇكسەك دەرىجىدە مەنتىقىي كۈچكە ئىگە بولغانلىقى بىلەن فولكلورنىڭ باشقا ژانىرلىرىدىن ئالاھىدە

پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. رېئال تۇرمۇشتىن ھاسىل بولغان ھېسسىي بىلىملەر مەنتىقىي تەپەككۇرنى ئويغىتىدۇ. ئۇ بىر نۇقتىغا مەركەزلىشىپ مەنتىقىي خۇلاسىگە ئېلىپ كېلىدۇ.

خەلق تەپەككۇرى بويىچە يارىتىلغان مۇنداق خۇلاسە ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەن. مەسىلەن:

مەردنى مەيداندا سىنا.

ئەقىلدىن ئارتۇق بايلىق يوق.

ئاچچىق ئالدىدا يۈرىدۇ، ئەقىل كەينىدە.

مۇھەببەت چىراي تاللىماس.

ئوبرازلىق تەپەككۇر ماقال ـ تەمسىللەردىكى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى جانلاندۇرۇۋەتكەن ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەرنىڭ بىرى. شەيئىلەرنى جانلىق ئىپادىلەپ بېرىشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەنگەن ئەجدادلىرىمىز ماقال ـ تەمسىللەرنى يارىتىشتا ئوبرازلىق تەپەككۇردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان، ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ ئوبرازچانلىقى ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى ئوبرازلىق تىلنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ۋايىغا يەتكەن بولىدۇ. مەسىلەن: «تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق»، «تۆشۈك يىرتىقتىن كۈلۈپتۇ» دېگەن ماقال ـ تەمسىللەردە ھېلىلا ئوچاقتىن چىققان قىپقىزىل تۆمۈرنىڭ سەندەل ئۈستىدە تۇرغان ھالىتى ۋە كىچىككىنە يىرتىقنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈۋاتقان يوغان تۆشۈكنىڭ قىياپىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. بۇ ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ قىممىتى ئوبراز بېرىشتە بولماستىن، بەلكى، بىرىنچىسى، ھەر ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا قىلىش لازىملىقىنى چۈشەندۇرسە، ئىككىنچىسى، ئۆزىنىڭ پېشانىسىنى سىلاپ باقماي، باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى كۆرۈپ كۈلىدىغانلارنى مەسخىرە قىلىدۇ.

ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ئۇنىڭدىكى شېئىرىي خۇسۇسىيەتتۇر. نۇرغۇن ماقال ـ تەمسىللەر شېئىرىيەت شەكلى بىلەن تۈزۈلگەن بولغاچقا خۇددى خەلق تىلى بىلەن يېزىلغان ياخشى شېئىرغا ئوخشاش تەسىرچان، جەلپكار ۋە سىڭىشلىق بولۇشتەك ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە. بەزى ماقال ـ تەمسىللەردە رەسمىي قاپىيە، ۋەزىن، تۇراقلار بار. مەسىلەن:

ئارپا ـ تېرىق ئاش ئىكەن،
ئۈنچە ـ مارجان تاش ئىكەن.

كىشىنىڭ ئېتى ئات ئەمەس،
ئىككى پۇتۇم يات ئىكەن.

ئۆزۈمنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپتىمەن،
پالاسقا يۆگىنىپ ھەپتە يېتىپتىمەن.

بەزى ماقال ـ تەمسىللەردە جۈملە ئىچىدىكى ئىككى سۆز باش تەرەپتىن قاپىيەداش بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئاللا بەرمىگەننى موللا بەرمەس.

ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ ئويلاپ سۆزلە.

تۇگمىنى كۆرۈپ، تۆگىنى كۆرمەپتۇ.

ماقال ـ تەمسىللەردىكى مۇنداق شېئىرىي خۇسۇسىيەت كىشىلەرنىڭ ئاسان تۇتۇۋېلىشىنى ۋە بەدىئىي زوق ئېلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ماقال ـ تەمسىللەر ئۆزگىرىپ تۇرۇش خۇسۇسىيىتىگىمۇ ئىگە. بۇنىڭ سەۋەبى، بىرىنچىدىن، ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردىن بۇيان ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان تۇرمۇش تەجرىبىلىرىگە دۇچ كېلىدۇ. شۇنىڭ تەسىرىدە بەزى ماقال ـ تەمسىللەر بىر ھادىسىنىڭ بىرنەچچە خىل تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تۈرلەرگە ئايرىلىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

تويغا بارساڭ تويۇپ بار،
بوز خالتاڭنى قويۇپ بار،

تويغا بارساڭ تويۇپ بار،
بەش بالاڭنى قويۇپ بار.

تويغا بارساڭ تويۇپ بار،
تورقا ـ تاۋار كىيىپ بار.

تويغا بارساڭ بۇرۇن بار،
بۇرۇن بارساڭ ئورۇن بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىككىنچىدىن، ھەر يەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتى، ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە تىل شېۋىلىرى پەرقلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن بىر مەزمۇندىكى ماقال ـ تەمسىل باشقىچە سۆز ـ ئاتالغۇلار بىلەن تۈزۈلگەن بولىدۇ. مەسىلەن: شىمالىي شىنجاڭدا «ھەسەلنى كۆپ يېسەڭ، ئەمەن تېتىيدۇ» دېيىلسە، جەنۇبىي شىنجاڭدا «ھالۋىنى كۆپ يېسەڭ زاڭ تېتىيدۇ» دەپ ئېلىنغان.

يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر بىلەن ئۆزگىرىپ، تۈرلۈك شەكىل ئالغان ماقال ـ تەمسىللەر خېلى بار. بۇنىڭ بىرى ئاساس، قالغانلىرى ۋارىيانت بولىدۇ. ۋارىيانتلار مەزمۇن جەھەتتە ئوخشاش بولسىمۇ، ئورۇن، پەيت ۋە ئىش ـ ھەرىكەتكە قاراپ تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ.

ماقال ـ تەمسىللەرنى ئىشلىتىش ۋە تەتبىق قىلىش جەھەتتە ئۈچ خىل خاراكتېرگە ئايرىشقا بولىدۇ. 1 ـ خىل ماقال ـ تەمسىللەر ئۆزى ئىپادىلىگەن ھادىسە ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىدۇ. باشقا ھادىسىلەرگە تەتبىق قىلىنمايدۇ. مەسىلەن:

ئىش ئۆملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە.

ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا.

مېھمان ئاتاڭدىن ئۇلۇغ.

2 ـ خىل ماقال ـ تەمسىللەر ئۆزى ئىپادىلىگەن ھادىسە ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشايدىغان ھادىسىلەرگىمۇ تەتبىق قىلىنىدۇ. بۇ، بەزى ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ كۆچمە مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

بۇلبۇل تاغقا كۆنمەس،
كەكلىك باغقا (كۆنمەس).

بۇ ماقالىنىڭ ئەسلىي مەنىسى: قۇشلارنىڭ ياشاش شارائىتى ھەرخىل بولىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. ئۇنىڭ كۆچمە مەنىسى: ھەركىمگە ئۆز يۇرتى ياخشى، دېگەن بولىدۇ. «قول ئىچىگە ئېگىلەر» بۇ ماقالىنىڭ كۆچمە مەنىسى ئەڭ كۆپ بولۇپ، ماددىي ۋە مەنىۋى مەنپەئەتكە مۇناسىۋەتلىك شەخسىيەتنىڭ ھەممە تۈرلىرىگە تەتبىقلاپ ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭا بۇ خىلدىكى ماقالىلار تەمسىل خاراكتېرلىك بولىدۇ.

3 ـ خىل ماقال ـ تەمسىللەر خەلق مەسەللىرىگە ئوخشاش ھايۋانات ۋە نەرسىلەر ئۈستىدە توقۇلغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ تەبىئىتىنى، خۇي ـ پەيلىنى ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى مەجازىي ۋاستىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇلار ماقال ئەمەس، تەمسىل دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

قازاننىڭ گۇۋاھچىسى چۆمۈچ.

پالتا چۇشكۇچە كۆتەك ئارام ئاپتۇ.

موزاينىڭ يۇگۇرۇشى سامانلىققىچە.

ئىت ئۈستىخان يېسە، كۆتى بىلەن كېڭىشەر.

قاغا دەر: ئاپئاق بالام،
كىرپە دەر: يۇمشاق بالام.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ماقال ـ تەمسىللەرمۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىدىن خالىي ئەمەس. ھازىر دەۋرىمىزگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بىرقىسىم ماقال ـ تەمسىللەر ئىستېمال قىممىتىنى يوقىتىپ، تارىخىي ۋە ئېتنوگراپىيەلىك قىممىتىنىلا ساقلاپ قالدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يېڭى ـ يېڭى ماقال ـ تەمسىللەر بارلىققا كەلمەكتە. بۇ ماقال ـ تەمسىللەر كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرمەكتە. مەسىلەن:

بىلىملىك ئاسماندا ئۇچىدۇ،
بىلىمسىز ساماندا ياتىدۇ.

مالسىزلىقتىن ئاڭسىزلىق يامان.

پاكىت ئالدىدا پىل ئوسۇرۇپتۇ.

خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىن ئەدەبىي ئىجادىيەتچىلەر، مەتبۇئات، ئاخبارات ۋە تەتقىقات ساھەسىدىكىلەرنىڭ پايدىلىنىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، دىنىي تۈس ئالغان، خۇراپىي ئەقىدىلەر سىڭگەن ۋە ئۆتمۈش جەمئىيەتتىكى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئىدېئولوگىيەسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بىر قىسىم ماقال ـ تەمسىللەر ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «دىنىي ئېتىقاد ۋە موللا توغرىسىدا»، «يۇقىرى تەبىقىنىڭ ماقال ـ تەمسىللىرى» دېگەن ماۋزۇلار ئاستىدا بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلدى. بۇ بىر قىسىم

ماقال ـ تەمسىللەرمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆتمۈش تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى، تىلىنى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىنى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ۋە دىنىي كۆز قاراشلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئوخشاشلا قىممەتكە ئىگە. ئەگەر بىز بۇ خىل ماقال ـ تەمسىللەرگە ئورۇن بەرمىسەك، تارىخنىڭ سەلبىي دەرسلىرىنىڭ تەربىيەۋى رولىغا سەل قارىغان بولىمىز. گەپ ئۇلاردىن توغرا پايدىلىنىشقا باغلىق.

ھۆرمەتلىك كىتابخان!

قولىڭىزدىكى بۇ توپلام ئىلگىرىكى توپلاملارنىڭ يىغىندىسى بولغاچقا مۇمكىنقەدەر ياخشىراق ئىشلەشكە تىرىشتىم. ئەپسۇسكى، بىلىم ۋە ئىقتىدارىمنىڭ تۆۋەنلىكىدىن سىز كۆتكەن تەلەپكە يەتكۈزەلمىدىم. بەزىبىر ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ مەنىسى چۈشىنىشلىك تۇرسىمۇ ئۇنى بىرەر ماۋزۇغا ئىشەنچىلىك ھالدا كىرگۈزگىلى بولمىدى. مەسىلەن: «ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت» دېگەن ماقالنى تۇرلۇك تەھلىل قىلىش ئارقىلىق تۇرلۇك مەزمۇن چىقىرىش مۇمكىن. دېمەك، مۇنداق ماقال ـ تەمسىللەرنى قىياس بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. ماۋزۇلارنىمۇ پۇتۇنلەي مۇۋاپىق تاللاپ بېكىتتىم دېيەلمەيمەن.

خەلق ئارىسىغا ئەڭ كەڭ تارقالغان، خەلقنىڭ قىممەتلىك تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنىڭ جەۋھىرى بولغان ماقال ـ تەمسىللەر ـ نى توپلاش، رەتلەش، ۋە نەشرگە تەييارلاش ئىشى فولكلور بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئىلمىي ئورگاننىڭ قولىدىن كېلىدىغانلىقىنى، مەندەك بىر ـ ئىككى ئادەم بۇنى مۇكەممەل ئىشلىيەلمەيدىغانلىـ قىنى كېيىنكى يىللاردىكى تەجرىبىلىرىمدىن ھېس قىلدىم. مەن قىرىق نەچچە يىلدىن بېرى ماقال ـ تەمسىلدىن ئىبارەت بۇ

يولۋاسقا مىنىۋېلىپ، ئاخىرىدا چۈشەلمەي ناھايىتى قىيىنالدىم. بۇ توپلام مېنىڭ بۇ ساھەدىكى ئىشىمنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن يولۋاس ئۈستىدىن ئۆزۈمنى يەرگە تاشلىغان توپلامدۇر، يەنى ئىلگىرىكى ماقال ـ تەمسىللەر توپلاملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، تولۇقلانمىغان، ۋايىغا يەتمىگەن توپلامدۇر. بۇ كىتابىم مۆھتەرەم كىتابخانلىرىمنىڭ قىممەتلىك تەنقىدىي پىكىرلىرىگە، ئۇلۇغ ئارزۇ ـ ئىستەكلەرگە باي ئەۋلادلىرىمىزنىڭ تولۇقلاپ ئىشلىشىگە موھتاج.

مۇھەممەد رەھىم

## ۋەتەن، ئەل ـ يۇرت توغرىسىدا

ئاتاڭنىڭ بالىسى بولغۇچە،
ئەلنىڭ بالىسى بول.

ئاتاڭ ئۆلسە ئۆلسۇن،
ئاتاڭنى كۆرگەنلەر ئۆلمىسۇن.

ئادەمگە ئادەم كېرەك.

ئادەمنىڭ كۈنى كۆپ بىلەن،
ھايۋاننىڭ كۈنى چۆپ بىلەن.

ئاغىنىسىز ئەل بولماس،
ياقىسىز تون (بولماس).

ئالتۇن ـ كۈمۈش چىققان يەردىن،
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرت ياخشى.

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا،
رەڭگىرويىڭ سامان بولماس.

ئەركىڭنى ئەل ئارىسىدىن ئىزدە،
يارىڭنى گۈل ئارىسىدىن.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەرنىڭ سەرخىلى ئەل ئارىسىدا،
گۈلنىڭ سەرخىلى گۈل ئارىسىدا.

ئەرنىڭ غېمى ئەلدە.

ئەقىللىق ــ يۇرتنىڭ ئاغىسى،
ھۈنەرۋەن ــ يۇرتنىڭ چاكىرى.

ئەل ئارىلىغان ــ سىنچى،
توقاي ئارىلىغان ــ ئوۋچى.

ئەل ئامان ــ شەھىرىڭ ئامان.

ئەل ئامانلىقنى تىلەر،
دۈشمەن يامانلىقنى.

ئەل بار يەردە ئەر بار.

ئەل باسمىغان يەردە كۆپ يۈرمە.

ئەل بىلەن ئۆلۈم ــ بەجايىكى توي.

ئەل پۇھ دېسە، بوران چىقىدۇ.

ئەل تىنچ ــ مەن تىنچ.

ئەل جېنى بىلەن ئاۋارە،
ئاغىچا ئېرى بىلەن.

ئەلدىن ئايرىلغۇچە، جاندىن ئايرىل.

ئەل قارغىغاننى خۇدا قارغاپتۇ.

ئەل قايان، سەن شۇيان.

ئەل قوزغالسا، تەخت قوزغىلار.

ئەل قېرىماس،
تاش چىرىماس.

ئەلگە قوشۇلساڭ، ئەر بولىسەن،
ئەلدىن ئايرىلساڭ، يەر بولىسەن.

ئەلگە كىرسەڭ ئېلىنچە،
سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە.

ئەلگە ياققان خار ئەمەس.

ئەلگە يامانلىق ئەيلىگەننى
ئارىغا ئالماس ھېچ كىشى.

ئەللىك يىلدا ئەل يېڭىلىنار،
يۈز يىلدا قازان.

ئەلنىڭ جېنى چىقسا،
گالزاڭنىڭ كۈلگۈسى كېلەر.

ئەلنىڭ غېمىنى يېگەن ئەر ئۆلمەس.

ئەلنىڭ قۇلىقى ئەللىك.

ئەلنىڭ ھۆكۈمى ئىللا.

ئەل ھىممىتى دەريا.

ئەل ئۈمىدىنى ئەر ئاقلار،
ئەر داڭقىنى ئەل ساقلار.

ئەل ئىچى — ئالتۇن بۆشۈك.

باتۇرنى ئۆستۈرگەن ئەل.
تۈپنى ئۆرلەتكەن يەل.

باغ مېۋىسى بىلەن ئاۋات،
يۇرت ئادىمى بىلەن.

باي — يۇرتنىڭ ئوزۇقى،
باتۇر — يۇرتنىڭ قوزۇقى.

بىجاق – كۆچانىڭ نانچىسى،
شايار – كۆچانىڭ مالچىسى.
توقسۇ — كۆچانىڭ باغچىسى،
باي — كۆچانىڭ ياغچىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىرنىڭ يەرلەر خاۋ يەرلەر،
پولا بىلەن نان يەرلەر.

پادىشاھلىق ئەل بىلەن،
تۆمۈرچىلىك يەل بىلەن.

تاغ تاغقا قوشۇلماس،
ئەل ئەلگە قوشۇلار.

تەۋرەپ كەتكەن ئەلدىن قورق،
يامراپ كەلگەن سەلدىن قورق.

تۇغۇلغان يەرنىڭ تېشى گۆھەر، سۈيى كەۋسەر.

خەلقنى ئالدايمەن دېگىننىڭ — ئۆزۈڭنى ئالدىغىنىڭ.

خەلق ئېيتماس، ئېيتسا خاتا ئېيتماس.

خەلق ياندۇرغان چىراغنى پۈۋلىگەننىڭ ساقىلى كۆيەر.

دەريانى توسقىلى بولار،
ئەلنىڭ ئاغزىنى توسقىلى بولماس.

دىلى ئوچۇقنىڭ قولى ئوچۇق،
ئەل سۆيگەننىڭ يولى ئوچۇق.

ساراڭ بولساڭ پىرى ئوينا.
ئەل ـ يۇرتتىن نېرى ئوينا.

سەن تاش سانىساڭ،
خەلق قوم سانايدۇ.

قەشقەرلىكنىڭ چىلىشىدىن،
ئىلىلىقنىڭ تۆگۈرۈشى يامان.

قولۇڭدىن كەلسە، ئەلدىن ئايىما،

كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغۇچە،
ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتان بول.

نەگە بارساڭ، شۇ يەرنىڭ ناخشىسىنى ئېيت.

ئۆزۈڭ ئۈچۈن كۈلەرسەن،
يۇرتۇڭ ئۈچۈن ئۆلەرسەن.

ئۆز ئېلىڭنىڭ نېنىنى يە،
كېچە ـ كۈندۈز غېمىنى يە.

ئۆز يۇرت — تۇغقان ئانا،
يات يۇرت — ئۆگەي ئانا.

ئىللەت تۈزەلمىسە، مىللەت تۈزەلمەس.

يات يۇرتتا تورغاي سايرىماس.

يات يۇرتتا ياقاڭ يىرتىلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياخشى ئەر ئەلگە ئورتاق،
يامان ئەر مالغا ئورتاق.

ياخشى ۋەزىر — يۇرتقا خىزىر.

يولدىن ئازسىمۇ، يۇرتىدىن ئازماپتۇ.

يۇرت قوغدىساڭ ئۆسەرسەن،
قوغدىمىساڭ ئۆچەرسەن.

يۇرت ئىتىكى كەڭ.

يۇرتىغا پاتمىغان جاھانغا پاتماس.

يۇرتىنى تاشلاپ ئارمان يەپتۇ،
ئۆگرىنى تاشلاپ تالقان يەپتۇ.

يېتىمنىڭ ئىگىسى ئەل - يۇرت.

يېرى باينىڭ ئېلى باي.

يېرىدىن ئايرىلغان يەتتە يىل يىغلار،
يۇرتىدىن ئايرىلغان يەتمىش يىل.

يىگىت تۇغۇلغان يېرىگە تارتىدۇ،
ئۇلاغ تويغان يېرىگە.

# ئىتتىپاقلىق ۋە ئىتتىپاقسىزلىق توغرىسىدا

ئاتىسى باشقىنى خۇدا قوشىدۇ،
ئۇيۇرى[1] باشقىنى نوختا.

ئاداشساڭمۇ كۆپ بىلەن ئاداش.

ئارپا ئىچىدە بىر بۇغداي.

ئارقامدىن دېگەنلەر —
تېزىكىمنى يېگەنلەر.

ئارىسالدى ئىشەكنى بۆرە يەر.

ئاۋارە بولدى يەككە،
ھوسۇلدىن يېدى دەككە.

ئايرىلغاننى قار باسار،
بۆلۈنگەننى بوران،

ئايرىلغاننى ئېيىق يەر،
بۆلۈنگەننى بۆرە.

① ئۇيۇر — پادا، مال توپى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەلنى كېلىشتۇرگۈچى — چاپانغا تۈگمە تاقىغۇچى.

باش قەيەردە بولسا، پۇت شۇ يەردە.

بىرلىك بولماي تىرىكلىك بولماس.

پىتنىخور تىرناقتىن تۈك ئۈندۈرەر.

پىتنىخور — شەيتاننىڭ شېرىكى.

توپ بولدۇق — توق بولدۇق.

توپ توپقا يىقىلار،
يالغۇز ئازگالغا (يىقىلار).

توپقا قاراپ تاش ئاتما.

تىرناق ئەتتىن ئايرىلماس.

تىرىك بولساق بىر يەردە بىز،
ئۆلۈك بولساق بىر گۆردە بىز.

دەرەخ غولىدىن سۇناس، شېخىدىن سۇنار.

دىلى بىرنىڭ تىلى بىر.

دىلى بىرنىڭ غېمى بىر.

سېنىڭ، مېنىڭ دېگەن كۆڭۈل تارلىقى،
نېرى يات، بېرى يات دېگەن ئورۇن تارلىقى.

غەيۋەتخورنىڭ تىلىنى كەس،
ئاڭلىغۇچىنىڭ قۇلىقىنى.

غەيۋەت، شىكايەت ــــ جېدەلگە دالالەت.

غەيۋەت ئۆيۈمنى بۇزدى،
مۇسىبەت كۆڭلۈمنى.

قوشماق تەس، ئايرىماق ئاسان.

قوشۇلغاننىڭ تورى بار،
ئايرىلغاننىڭ سورى (بار).

قۇم يىغىلسا تاغ بولۇر،
ئەل يىغىلسا باغ (بولۇر).

قىرىشقاننىڭ قىزىنى ئال.

كۆپ تۆكۈرسە كۆل تولار.

كۆپتىن توشقان قېچىپ قۇتۇلماس.

كۆپتىن ياخشى ئەقىل چىقار.

كۆپتىن يامانلاپ كۆمۈلمەي قاپتۇ.

كۆپنىڭ كۈچى تاغ كۆتۈرەر.

كۆپنىڭ كۈچى كۆپ.

كۆپنىڭ مېلىنى ئوغرى ئالماس.

كۆپ ياققان ئوت كۆككە يېتەر.

كۆپ يىلقا ئارىسىدا توكۇر قۇلۇن بىلىنمەس.

كۆرەلمەسنىڭ كۆزىنى ئوي.

كۆزىنى يۇمغان پوقىنى يەر.

كۆككە باقما، كۆپكە باق.

كىشىنىڭ ئەيىبىنى ماڭا دېگەن كىشى،
مېنىڭ ئەيىبىمنىمۇ كىشىگە دەر.

گاس دەپ غەيۋەت قىلما،
قارىغۇ دەپ خىيانەت (قىلما).

ھەركىشى ئۆز غېمىدە،
كور كىشى كۆز غېمىدە.

ھەر كىمنىڭ چىرىغىنىڭ يورۇقى ئۆزىگە چۈشەر.

ھەركىمنىڭ دەردى ئۆزى ئۈچۈن تۆگىدىن يوغان.

ھەر كىم ئۆز ئاغرىقىنى سۆزلەيدۇ.

ھەركىم ئۆز ئۆلۈكى ئۈچۈن يىغلايدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئون باش ـــ ئوڭلۇق باش،
بىر باش ـــ مۇڭلۇق باش.

ئۆچ كۆرسەڭ ئۆچەكىشىدۇ،
تار يەردە تىرەجىشىدۇ.

ئۆچ كۆرگەننى ئوتتۇز قېتىم كۆرۈپتۇ.

ئۆمەكلىك ئىتنىڭ قۇيرۇقى دىڭ.

ئىتنىڭ قارغىشى بۆرىگە كار قىلماس.

ئىتنىڭ قارغىشىغا پىت ئۆلمەس.

ئىچ ئات تارتسا، يانداق تارتماس،
ئايغىر تارتسا، بايتال تارتماس.

ئىش ئۆملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە.

ئىككى قوشقارنىڭ بېشى بىر قازاندا قاينىماس.

ئىككى قوشقار ئۇسۇشكەندە،
بۆرىنىڭ قورسىقى ئاچىدۇ.

ئىككى ئۆينىڭ قۇرغۇنلۇقى بىر ئۆيگە ئاش بولار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس،
چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس.

يالغۇز چاۋاكنىڭ ئۈنى چىقماس.

يالغۇز خىش تام بولماس.

يالغۇز دەرەختىن قۇش تېزىپتۇ.

يالغۇز قىر ئاشقۇچە،
كۆپ داۋان ئاشار.

يالغۇزنىڭ سۆزى ئۆتمەس.

يالغۇزنىڭ يارى ــــ خۇدا.

يالغۇز يۈرۈپ يول تاپقۇچە چىشىڭ تۆكۈلەر.

يالغۇز يىگىت بەگ بولماس،
يالغۇز ياغاچ ئۆي (بولماس).

يەككە قولدىن چاۋاك چىقماس.

يەككە يېگانە ــــ ھېلىم دېۋانە.

## دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىك توغرىسىدا

ئاتا دۈشمىنىنى دوست تۇتما.

ئاتاڭ باردا دوست ئىزدە،
ئېتىڭ باردا يول (ئىزدە).

ئاچچىق — تاتلىقنىڭ دۈشمىنى.

ئارقاڭدىكى — دۈشمەن،
ئالدىڭدىكى — دوست.

ئاغزىدا كۆلكە، چاقچاق،
قوينىدا پالتا، پىچاق.

ئاغزىڭ قان بىلەن تولسىمۇ،
دۈشمەن ئالدىدا تۈكۈرمە.

ئالدىدا ھى ـ ھى،
ئارقىدا خى ـ خى.

ئاۋۋال سوقۇشۇپ، ئاندىن دوست بول.

ئايرىلغان دوست ئېگىرىڭنىڭ كەينى قېشىنى سورار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاينىپ كەتكەن دوست ئەمەس.

ئەيىبسىز دوست ئىزدىگەن دوستسىز قالار.

بۆرە ھۇۋلاپ ئۆزىنى ئاشكارىلار.

بۆرىمۇ دوستىغا قەست قىلماس.

بۆرىنى قانچە باقساڭمۇ، ئىككى كۆزى جاڭگالدا.

بۆرىنىڭ بالىسى بۆرە.

بۈگۈنكى دوستلىرىڭدىن،
ئەتىكى دۈشمەنلىرىڭ زىيادە.

بىلىكىڭ توم بولسا، دۈشمىنىڭ سالامغا كېلەر.

يادا باققاندا دوست ئىدۇق،
ياڭاق چاققاندا ئايرىلدۇق.

پۇل بار چاغدا مىڭى دوست،
پۇل تۈگىگەندە قېنى دوست؟

تاينى باقسا ئات بولىدۇ،
بۆرىنى باقسا يات (بولىدۇ).

توڭگۇز قوي بولماس،
دۈشمەن ئۆز (بولماس).

تېگى دۈشمەن ــ دوست ئەمەس،
ئۆپكە ـ قېرىن گۆش ئەمەس.

جان دوستۇڭ جېنىڭدىن كېچەر،
مال دوستۇڭ مېلىڭدىن كەچمەس.

چۈشكە نېمە كىرمەيدۇ،
دۈشمەن نېمە دېمەيدۇ !؟

دوست ئايرىغان دوزاق تۇۋىدە.

دوست باشقا قارايدۇ،
دۈشمەن ئاياغقا.

دوست بول سىرىنى بىلىپ.

دوستتىن يامانلىغان ئەقلىنىڭ يوقلۇقى،
تاماقتىن يامانلىغان قورساقنىڭ توقلۇقى.

دوست چىللىسا قالما،
دۈشمەن چىللىسا بارما.

دوست سۆزىنى تاشلىما،
تاشلاپ بېشىڭنى قاشلىما.

دوستقا تاپا قىلما،
دۈشمەنگە كۈلكە (قىلما).

دوستقا زار، دۈشمەنگە خار، نامەردكە ئىنتىزار بولما.

دوستقا مۇھەببەت،
دۈشمەنگە نەپرەت.

دوستقا ئىناق بول،
دۈشمەندىن يىراق بول.

دوست كەينىڭدە ماختار،
دۈشمەن ئالدىڭدا.

دوست كۆپ، توغرىسى ئاز.

دوست كېڭەشتە بىلىنەر.

دوستلار ئارا ئاداۋەت —
دۈشمەن ئۈچۈن تاپاۋەت.

دوستنىڭ دوستلۇقى بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە بىلىنەر.

دوستۇڭنىڭ دوستلۇقىنى ئۈچ كۈندە بىلمىسەڭ،
ئۈچ يىلدا بىلەرسەن.

دوستنىڭ كونىسى ياخشى،
چاپاننىڭ يېڭىسى.

دوستۇڭ دوست بولسۇن،
ھېسابىڭ دۇرۇس بولسۇن.

دوستۇڭغا خار بولغۇچە،
دۈشمىنىڭگە ئارتىلىۋال.

دوستۇڭغا دەرد كەلسە،
دۈشمىنىڭنىڭ تويى بولار.

دوستۇڭنىڭ پوقى پۇرىماس.

دوستۇڭنىڭ دۈشمىنى — دۈشمىنىڭنىڭ دوستى.

دوستۇڭنىڭ كۆڭلى قالغۇچە،
دۈشمىنىڭنىڭ بويى سۇنسۇن.

دوستۇڭنىڭكىنى يە، كۆڭلى قالمىسۇن؛
دۈشمىنىڭنىڭكىنى يە، ئۆزىگە قالمىسۇن.

دوستۇڭ ئۈچۈن زەھەر يۇت.

دوست ياخشى يېرىڭنى كۆرەر،
دۈشمەن يامان يېرىڭنى.

دوست يىغلىتىپ ئېيتار،
دۈشمەن كۈلدۈرۈپ.

دۈشمەن سىرىڭنى ئوغرىلايدۇ،
دوست خاتايىڭنى توغرىلايدۇ.

دۈشمەن قەست قىلار.
دوست قۇتۇلدۇرار.

دۈشمەنگە شەپقەت ــ ئۆزۈڭگە كۈلپەت.

دۈشمەننى شېكەر بىلەن ئۆلتۈر.

دۈشمەننى كۈندۈزى ئويلا، كېچىسى پايلا.

دۈشمەننىڭ قارغىمايدىغىنى يوق،
قۇشنىڭ سايرىمايدىغىنى (يوق).

دۈشمەننىڭ كۆزىدە بولساڭ بول،
كۆڭلىدە بولما.

دۈشمىنىڭ بىلەن بەسلەشسەڭ قارا ئاش تەر.

دۈشمىنىڭگە هال ئېيتما، كۈلگۈسى كېلەر.
دوستۇڭدىن سىر ئايىما، بىلگۈسى كېلەر.

دۈشمىنىڭگە ئۆلۈم تىلىگۈچە،
ئۆزۈڭگە ئۆمۈر تىلە.

دۈشمىنىڭنى سەرسان قىل،
مۈشكۈلۈڭنى ئاسان قىل.

دۈشمىنىڭنى قاتتىق ئۇر،
كالتىكىڭنى ئايىما.

دۈشمىنىڭنىڭ كۈلگىنى ــ سىرىڭنى بىلگىنى.

ساختا دوست ئاشكارا دۈشمەندىن يامان.

سىناشقان دوست مۇڭداشقىلى ياخشى،
سۆيۈشكەن يار ئويناشقىلى (ياخشى).

قەست قىلغاننى پەس قىل.

قولۇڭ ياغلانسا دوستۇڭغا سۇۋا.

كەلگەن دوستقا تار بولساڭ،
كېلەر دوستقا زار بولىسەن.

كۈلگەننىڭ ھەممىسى دوست ئەمەس،
ھومايغاننىڭ ھەممىسى دۈشمەن ئەمەس،

مەيدە ئاغرىتقان ئاش ئەمەس،
كۆڭۈل ئاغرىتقان دوست ئەمەس.

مېلىڭ مىڭغا يەتكۈچە،
ئۆڭگەڭ [1] مىڭغا يەتسۇن.

ھېسابلىق دوست ئايرىلماس.

ئورنى كىم كولىسا، ئۆزى چۈشەر.

ئوك كۆزۈڭ سول كۆزۈڭگە دۈشمەن.

① ئۆڭگە ــ دوست.

ئۆزۈڭ نېمە يېسەڭ، دوستۇڭغا شۇنى قوي.

ئېشەككە باش بولساڭمۇ،
دۈشمىنىڭگە تاش بول.

ئېقىن سۇ ئۇخلار، دۈشمەن ئۇخلىماس.

ئىشەنمىگىن دوستۇڭغا،
سامان تىقار پوستۇڭغا.

ئۇلپەت تاپ ــ قۇدرەت تاپ.

ئۇلپىتىڭ قاغا بولسا، يېيىشىڭ پوق.

ياخشى دوست جاندىن ئەزىز.

ياخشى دوستۇڭ تاشلىماس،
يامان يولغا باشلىماس.

ياخشى دوستۇڭغا ياخشى نەرسەڭنى بەر.

يۈز دوست ئاز، بىر دۈشمەن كۆپ.

يېغى ياندىن قوپار، دۈشمەن تاپاندىن.

يىراقتىكى دۈشمەندىن،
ئايىنىپ كەتكەن دوست يامان.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# باتۇرلۇق، مەردلىك ۋە قورقۇنچاقلىق توغرىسىدا

ئالۋاستى بوش كەلگەننى باسىدۇ.

ئەرنىڭ ئىچىگە ئالەم سىغار.

باتۇر ئاڭقاۋ كېلىدۇ،
پالۋان ئۆكتەم.

باتۇر بىر قېتىم ئۆلەر،
قورقۇنچاق مىڭ قېتىم.

باتۇر جەڭدە، ھۇرۇن كاڭدا.

باتۇر چۈشىدە دۈشمەن كۆرەر.

باتۇر دۈشمەنسىز بولماس.

باتۇر ساراڭدىن قورقار،
ساراڭ مۇتتەھەمدىن.

باتۇرغا بىلەك كېرەك،
يالغانغا يۈرەك.

باتۇرغا ئوق كار قىلماس.

باتۇرلۇق بىلەكتە ئەمەس، يۈرەكتە.

باتۇرنى مەيداندا سىنا،
سۆزمەننى دەۋادا.

باشقا كەلگەندە باتۇر.

بۆرىدىن قورققان قوي باقماس.

پالۋان دەرد يەيدۇ،
بالىلىرى گۆش (يەيدۇ).

پەمسىز باتۇرلۇق — قورۇلسىز مىلتىق.

پىل تۆشۈكتىن قورقىدۇ،
چاشقان مۈشۈكتىن.

توخۇنى ئۆلتۈرمىگۈچە،
يولۋاسنى قورقۇتقىلى بولماس.

توشقاندەك يۈز يىل ياشىغۇچە،
يولۋاستەك بىر يىل ياشا.

تۇگمەندە تۇغۇلغان چاشقان گۇلدۇرمامىدىن قورقماس.

جانغا جان كەلگەندە باتۇر.

جاننى ئېلىپ قاچقان يول تاللىماس،
قورسىقى ئاچقان نان (تاللىماس).

جەڭدە ئۆلسە بىر كىشى،
ئىز باسىدۇ مىڭ كىشى.

جىنىمنى ئويلىسام ئۇيقۇم قاچىدۇ.

جىنىنىڭ گېپى چىقسا جىنى چىقار.

رودۇپاي كالتەكتىن قورقىدۇ.

ساردىن لاچىن تۇغۇلۇپتۇ.

سۇغا يىقىلغان يامغۇردىن قورقماس.

سۇ كېچىكىدىن ئۆتكەن ئەر ئەمەس،
قان كېچىكىدىن ئۆتكەن ئەر.

شەڭگىنىڭدىن قورقمايمەن،
قوناقلىقتىن چىقمايمەن.

قاچقانمۇ خۇدا دەيدۇ، قوغلىغانمۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قاچقۇنغا شەپقەت يوق،
ئازغۇنغا ھۆرمەت (يوق).

قورققان ئاۋۋال مۇشت تەڭلەر.

قورققانغا قوش كۆرۈنەر،
كۆلەڭگىسى بەش كۆرۈنەر.

قورققان مۇشۈككە چاشقاننىڭ ئۈۋىسى ساراي بوپتۇ.

قورققاننى ئەجەل قوغلار.

قورققان ئىت ئارقىسىغا قاراپ خىرقىرار.

قورققان يەردە جىن بار.

قورقۇنچاق بار يەردە شەرمەندىلىك بار.

قورقۇنچاقتا نومۇس يوق.

قورقۇنچاقنىڭ تۇمىقى بولغۇچە،
باتۇرنىڭ چومىقى بول.

قورقۇنچاق ھەسەتخور بولار،
نامەرد قەسەمخور (بولار).

قۇشقاچتىن قورققان بۇغداي تېرىماس.

قېچىپ كەتكەن چىچىپ كېتەر.

قىيىنچىلىق ــ قورقۇنچاقنىڭ يۈكى،
باتۇر ئۇچۇن توخۇنىڭ تۈكى.

قىيىن ئىشنىڭ بېشىغا
باتۇر كېلەر قېشىغا.

كەچ قالغان قاراڭغۇدىن قورقماس،
ئەرگە تەگكەن دەرەڭگىدىن.

كۆپ ئاتقانغا مەرگەن بولماس،
كۆپ سۆزلىگەنگە چېچەن (بولماس).

كۆز قورققاق، قول باتۇر.

كۈچ ئاتىسىنى ئايىماس.

لەۋزىدە تۇرمىغان يىگىت ئەمەس.

مەرد باتۇر يىقىتىدۇ، ئۆلتۈرمەيدۇ.

مەرد بولساڭ مەيدانغا چىق.

مەرد سۆزىدىن قايتماس،
يولۋاس ئىزىدىن.

مەرد نامەردكە باش ئەگمەس.

مەردنىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن.

مەردنىڭ سۆزى بىر.

مەردنى مەيداندا سىنا.

مەردنى مەيداندا كۆر،
سېخىينى جەننەتتە.

مەرد يوقلۇقنى بىلىندۇرمەس،
تۇلپار ئاچلىقنى.

مەرد يېڭىلسە مەيداندا قالار.

مۇدۇرىمەس ئات يوق،
يېڭىلمەس مەرد (يوق).

نامەردكە سوزساڭ بوينۇڭنى،
پۇچەك ياڭاققا تولدۇرار قوينۇڭنى.

نېمىدىن قورقساڭ، شۇنىڭغا يولۇقىسەن.

ئوتتۇز يېشىدا ئەر ئاتالغان
قىرىق يېشىدا شىر ئاتىلار.

ئوتنىڭ تىشىدا كۆيگۈچە، ئىچىدە كۆي.

ئوڭ كاچىتىڭغا ئۇرغانغا
سول كاچىتىڭنى تۇتۇپ بەر.

ئۇچقۇندىن قورققان تۆمۈرچى ئەمەس.

ئۆزى قىلغان ئەر ئۆزى يىغلىماس.

ئۆزىنىڭ سايىسىدىن ئۆزى ئۈركۈپتۇ.

ئىسىلساڭ نارغا ئىسىل،
يىقىلساڭ ناردىن يىقىل.

ئىتتىن قورققان گاداي ئەمەس.

ئىت گادايدىن قورقىدۇ،
گاداي ئىتتىن.

يارغۇنچاقتا يارما بولغۇچە،
تۈگمەندە ئۇن بولۇپ كەت.

يالىڭاياق سۇدىن قورقماس.

يانتاقتىن قورققان ئوتۇنچى ئەمەس.

يەڭگەن ـ سۇلتان،
يېڭىلگەن ـــ ئۇلتاڭ.

يولۋاسقا يولۇقما،
يولۇقساڭ ھودۇقما.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس،
ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر.

يۈز قاغىغا بىر شۇڭقار كۇپايە.

يېتىپ ئۆلگۈچە، ئېتىپ ئۆل.

يېڭىلمەكنىڭ يەڭمىكى بار،
يەڭمەكنىڭ يېڭىلمىكى (بار).

يىقىتقان پالۋان يۆلەپ قويىدۇ.

يىقىلغان چېلىشقا تويماپتۇ.

يىقىلغاننى تەپمە، قاچقاننى قوغلىما.

يىقىلغاننى يەر كۆتۈرەر.

يىلاندىن قورقۇپ كەتكەن
ئارغامچىدىنمۇ قورقىدۇ.

## بىلىم، ھۈنەر ۋە نادانلىق توغرىسىدا

ئاتاڭدىن دۇنيا قالغۇچە، ھۈنەر قالسۇن.

ئاتالمىغانىنىڭ ئوقى ئالتە غۇلاچ كېتەر.

ئاتالمىغان ئوقتىن كۆرىدۇ،
چىچالمىغان پوقتىن.

ئاتالمىغان ئوقتىن كۆرىدۇ،
يېنىپ كېلىپ خوتۇنىدىن.

ئادەم بالىسىنىڭ باھاسى ئىلىم بىلەن.

ئادەمنىڭ بىگىسى قورساقتا،
ھايۋاننىڭ بىگىسى تۇياقتا.

ئادەمنىڭ تېشىغا قارىما، ئىچىگە قارا.

ئاز كۆرگەن كۆپ تېگىرقار.

ئاغزىغا كەلگەننى دېيىش نادانىنىڭ ئىشى،
ئالدىغا كەلگەننى يېيىش ھايۋاننىڭ ئىشى.

ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئالىم بولساڭ، ئالەم سىڭىدۇ.

ئاۋۋال چىققان قۇلاقتىن
كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئۇزۇپتۇ.

ئەر كىشىگە يەتمىش تۈرلۈك ھۈنەر ئاز.

بەش بارمىقىم — بەش گۈل.

بۇزۇلمايدىغان قىر يوق،
ئېچىلمايدىغان سىر (يوق).

بىرنى ئۈچ كۆردۈم،
ئۇخلىماي چۈش كۆردۈم.

بىر ئىشىك قويۇش ئۈچۈن ئون ئىشىك كۆر.

بىلگەن بىلگىنىنى ئىشلەر،
بىلمىگەن بارمىقىنى چىشلەر.

بىلگەن بىلىمگە ئىشىنەر،
بىلمىگەن نېمىسىگە (ئىشىنەر) !؟

بىلگەندىن ئۆگەن،
بىلمىگەنگە ئۆگەت.

بىلگەنگە ئون ئىككى،
بىلمىگەنگە ئوتتۇز ئىككى.

بىلگىنىڭنى ئەلدىن ئايىما.

بىلمەسلىك ئەيىب ئەمەس،
تىرىشماسلىق ئەيىب.

بىلمىگەننى قىلما، بىلگىنىڭنى پەملە.

بىلىكى چوڭ بىرنى يېڭەر،
بىلىمى چوڭ مىڭنى.

بىلىم ئالمىغان ياش —
تام تۈۋىدىكى تاش.

بىلىم ئەقىلنىڭ چىرىغى،
يوقدۇر يولنىڭ يېرىقى.

بىلىم بىلگۈچىدە،
ئەقىل سەزگۈچىدە.

بىلىم — دۆلەت،
كىيىم — سۆلەت.

بىلىمسىز ئادەم — مېۋىسىز دەرەخ.

بىلىمسىزگە هال ئېيتقۇچە،
ئىچىڭدە سېسىپ كەتسۇن.

بىلىمسىزگە ئىش يوق،
ئىشسىزغا ئاش يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىلىملىك ــ نۇر،
بىلىمسىز ــ خور.

بىلىملىكنىڭ باھاسى يوق،
بىلىمسىزنىڭ ساپاسى يوق.

بىلىملىك ئاسمانغا چىقار،
بىلىمسىز ساماندا ياتار.

بىلىملىك ئوزار،
بىلىمسىز توزار.

بىلىم ئۆگەنسە كىشى،
كۆككە يېتەر بېشى.

بىلىمنى ئوغرى ئالالماس.

بىلىم ــ يېنىپ تۇرغان چىراغ،
ھۈنەر ــ ئېقىپ تۇرغان بۇلاق.

پىرسىز ئۇستا بولماس،
قىرسىز تاختا (بولماس).

تاشنى سوقسا قۇم بولار،
تۆمۈرنى سوقسا قىل بولار.

تەمىنى بىلەي دېسەڭ تېتىپ كۆر،
ئېپىنى بىلەي دېسەڭ ئېتىپ كۆر.

توخۇ بىلگىنىنى قىچقىرار.

توك ـ توك ئېتەر تۆمۈرچى،
پۇلنى ئۇسار كۆنچى.

تۆمۈرچى كۆمۈرچى بىلەن دوست.

تۆمۈرچىنىڭ بىر ئۇرغىنى —
يىڭنىچىنىڭ يۈز ئۇرغىنى.

تۆمۈرچىنىڭ پالتىسى يوق،
ياغاچچىنىڭ تۇۋىقى (يوق).

تۆمۈرچىنىڭ قولىدا تۆمۈر ئىمان ئېيتىدۇ.

جانلىق نادان — ئۆلۈك.
جانسىز ئالىم — تىرىك.

چەۋەندازلىق ئاتقا يۈگەن سېلىشتىن مەلۇم.

دۇتار تارىسى ساتاردا يوق،
بىلىمسىز كىشى قاتاردا يوق.

رەخت پۇل ئەمەس، ھۈنەر پۇل.

ساختىپەز نادانىنى تاپىدۇ،
بىلىملىكتىن قاچىدۇ.

سوراپ بىلىش ئەيىب ئەمەس.

سوراپ ـ سوراپ مەككىنى تېپىپتۇ.

سورىغان بىلىم ئالار،
ئۇيالغان كېيىن قالار.

شاكىچىك تىككەن توقۇمىنىڭ
ئالدى ـ كەينىنىڭ پەرقى يوق.

شاگىرتنىڭ ھالىغا بېقىپ ھۈنەر ئۆگەت.

قازاندا بولسا چۆمۈچكە چىقار،
بولمىسا نېمە چىقار.

قاسساپنىڭ ئۇستىسى توخۇنىڭ ئۆپكىسىنى ئالار.

قەغەزنى سۆزلەتكەن قەلەم.

قولۇمدىن كەلگىنى كۆڭلۈمگە ياقماس،
كۆڭلۈمگە ياققىنى قولۇمدىن كەلمەس،

قولى گۈل ئېتىدۇ غىزا،
قولى گال تارتىدۇ ئىزا.

قىرىق ھۈنەر ـــ ھۈنەر ئەمەس،
ئەسلىي ھۈنەر ـــ چويلىچىلىق.

قىلىچنىڭ كۈچىدىن،
قەلەمنىڭ كۈچى ئارتۇق.

كاسىپ قىرىسا، ھۈنىرىمۇ قىرىيدۇ.

كۆپ بىلىمەن دەيسەن،
كۆپتىن ئارتۇق بىلمەيسەن.

كۆپ ئوقۇغان كۆپ بىلەر.

كۆپ ياشىغان نېمە بىلەر،
كۆپنى كۆرگەن شۇ بىلەر.

كۆنچىنىڭ پىرى يوق،
ئىككى تېرىنىڭ بىرى يوق.

گۆھەرلىك بولۇشتىن،
ھۈنەرلىك بولۇش ئارتۇق.

گۆھەر ياتىدۇ سايدا،
تونۇمىساڭ نېمە پايدا.

مالسىزلىقتىن ئاڭسىزلىق يامان.

مۇشەققەتسىز ھۈنەر بولماس.

مېۋىسىز دەرەخكە كىم باقىدۇ،
مېۋىلىك دەرەخنى ھەركىم قاقىدۇ.

مېۋىلىك دەرەخ ئېگىلىپ تۇرار،
مېۋىسىز دەرەخ غادىيىپ تۇرار.

نادانغا بېرىلگەن مەنسەپ ــــ
كىچىك بالىغا تۇتقۇزۇلغان ئۇستىرا.

نادانغا ئېيتقان ئېسىت سۆزۈم،
ئۆلۈككە يىغلىغان ئېسىت كۆزۈم.

نادان قازانغا قارايدۇ،
دانا ئوچاققا.

نادان گۈلگە يۈگۈرەيدۇ،
زېرەك مېۋىگە.

نادانلىق ــــ قاراڭغۇلۇقتىن يامان.

نادانلىقنىڭ ئاقىۋىتى گادايلىق.

ناداننى دانا ئوڭلايدۇ،
ھارۋىنى كاتاڭ (ئوڭلايدۇ).

ناۋاينىڭ نېنى پىشقۇچە يېگى كۆيەر.

نېمىنى بىلمىسەڭ شۇنىڭدىن قورقمىسەن.

ھاڭۋاقتى ئادەمگە ھارامزادە موللا ئامراق.

ھۈنەر ــــ تۈگىمەس گۆھەر.

ھۈنەر ــــ قىلسا ئۈنەر.

ھۈنەر كۆپكىمۇ يەتكۈزىدۇ،
كۆككىمۇ يەتكۈزىدۇ.

ھۈنەرلىك ئادەم — مېۋىلىك دەرەخ.

ھۈنەرلىك ئەر خار بولماس،
دوست ـ دۈشمەنگە زار بولماس.

ھۈنەرنى بىر كىشىدىن ئۆگەن،
ئىسكەتنى مىڭ كىشىدىن.

ھۈنەرنىڭ ئالدى — ياخشى سۆز.

ھۈنەرۋەن باي بولماس،
قورسىقى ئاچ قالماس.

ھۈنىرى بار قول ئۆلمەس.

ھۈنىرى يوق ئەردىن مېكىيان ياخشى.

ھۈنىرى يوق كىشىنىڭ،
مەززىسى يوق ئىشىنىڭ.

ئوقۇدۇم دېگۈچە بىلدىم دېگىن.

ئوقۇغان ئوغۇل ـ ئاتىسىدىن ئۇلۇغ.

ئويناپ ئۆگەنمەي، ئويلاپ ئۆگەن.

ئويۇنغا بېرىلگەن ئوڭدا قالار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇستا باردا قولۇڭنى تارت،
موللا باردا تىلىڭنى.

ئۇستا كۆرمىگەن شاگىرت ھەر مۇقامدا يورغىلار.

ئۇستا ئوۋچى ئىز تونۇيدۇ،
زېرەك يىگىت قىز (تونۇيدۇ).

ئۆزۈڭدىن يۇقىرىغا قاراپ پىكىر قىل،
ئۆزۈڭدىن تۆۋەنگە قاراپ شۈكۈر قىل.

ئېشىغا قاراپ تاۋىقى،
ھۈنىرىگە قاراپ سىمكىرى.

ئېلىپنى تاياق دېيەلمەيدۇ،
مىمنى چوماق (دېيەلمەيدۇ).

ئىچىڭدىن كۆمۈر چىقسىمۇ تۆكۈپ كەت.

ئىنسانغا بىلىم كېرەك.
ياغاچچىغا يېلىم.

يا ئەلەمدە يوق، يا قەلەمدە.

ياشلىقىڭدا بىلىم ئال.
قېرىغاندا ئىشقا سال.

ياغاچ كەسسەڭ ئۇزۇن كەس،
تۆمۈر كەسسەڭ قىسقا (كەس).

## ئەقىل ـ ئىدراك ۋە ئەخمەقلىق توغرىسىدا

ئاچچىق ئالدىدا يۈرىدۇ،
ئەقىل كەينىدە.

ئاچچىق ــ ئەقىلنى كېسىدۇ.

ئاچچىق كەلگەندە ئەقىل قاچىدۇ.

ئاداشقاننى ئارقىسىدىكى بىلەر،
يېڭىلگەننى يېنىدىكى.

ئادەم بولمىساڭ ئەقلىڭ بىلەن،
ئەخمەق بولىسەن ساقىلىڭ بىلەن.

ئادەمگە ئەقىل كېرەك،
پاتقاققا شېغىل.

ئارىدىكى ئەخمەق ــ توغرىدىكى توقماق.

ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپتۇ.

ئاقىل ئەل غېمىدە،
نادان گال غېمىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاقىلغا ئىشارەت،
نادانغا جوۋالدوروز.

ئاقىلنىڭ سۆزى ئۆمرى ئۆتكۈچە،
نادانىنىڭ سۆزى ئىشىكتىن چىققۇچە.

ئاقىل ئۆزىنى ئايايدۇ.

ئاقنى كۆككە يامىغان ئوڭلۇق خىنىم.

ئالتە ئۆلچەپ بىر كەس.

ئامال تاپقاندىن ئەجەل قاچار.

ئامالىم يوق دېگۈچە ئەقلىم يوق دېگىن.

ئانا سۈتى بىلەن كىرمىگەن ئەقىل،
كالا سۈتى بىلەن كىرمەس.

ئانامنىڭ ئۆلۈشىنى بىلسەم،
بىر تاۋاق كېپەككە سېتىپ يەردىم.

ئاي تۇندە كېرەك،
ئەقىل كۈندە.

ئەتىگەندە كېلىپ ئىشىككە قارىغۇچە،
كەچتە كېلىپ ئورۇنغا قارا.

ئەخمەق ئەلچى ئىككى تەرەپنى بۇزار.

ئەخمەق بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرۇشقا ئەخمەقلىق كېرەك.

ئەخمەق بىلمەس ئىتنىڭ هارغىنىنى،
كوسا بىلمەس ئۆزىنىڭ قېرىغىنىنى.

ئەخمەقتىن ئەقىل سورىما،

ئەخمەق دوستتىن ئەقىللىق دۈشمەن ياخشى.

ئەخمەققە توقماق.

ئەخمەققە قىز كۆرسەتمە،
مۇزايغا سۈت (كۆرسەتمە).

ئەخمەققە مەنسەپ تەگسە،
قوتانغا زەردىۋال تارتار.

ئەخمەققە ناماز ئوقۇ دېسە،
پېشانىسىنى يېرىۋالار.

ئەخمەق كۈندۈزى چىراغ ياقىدۇ،
يېغى تۈگەپ كېچىسى ئايغا باقىدۇ.

ئەخمەقنىڭ ئاغزىدا ئوڭاي،
پادىشاھنىڭ خەزىنىسىدە (ئوڭاي).

ئەخمەقنىڭ ئەقلى چۈشتىن كېيىن كېلەر.

ئەخمەقنىڭ ئەقلى خورجۇن.

ئەخمەقنىڭ جېنى ئازاپتا.

ئەخمەقنىڭ چوڭ ـ كىچىكى يوق.

ئەخمەقنىڭ دوستى تولا،
پىيازنىڭ پوستى (تولا).

ئەخمەقنى ئۆلدى دېسە ئىشەن،
ئەخمەقلىقى قالدى دېسە ئىشەنمە.

ئەخمەقنى ئەيىبلىمەي ئىشقا سال.

ئەخمەق ئۆتۈكنىڭ سىرتىدىن پۇتىنى قاشلايدۇ.

ئەسلىسەڭ ئېسىڭگە قونار.

ئەقلى يوق باشتىن،
سۇيى يوق قاپاق ياخشى.

ئەقىل تۇزۇماس، بىلىم خورىماس.

ئەقىل ـــ دوست،
جاھىل ـــ دۈشمەن.

ئەقىلدىن ئارتۇق بايلىق يوق.

ئەقىلسىز باش پۇتقا ئارام بەرمەس.

ئەقىلسىز باشنىڭ دەردىنى پۇت تارتىدۇ.

ئەقىلسىز بىلەن پولو يېگۈچە،
ئەقىللىق بىلەن تاش توشۇ.

ئەقىلسىزنىڭ پەمى يوق،
گەپ ـ سۆزىنىڭ تەمى يوق.

ئەقىلسىزنىڭ ئېپى يوق،
تىڭشىغۇدەك گېپى يوق.

ئەقىللىق خوتۇننىڭ سادىغىسى بول.

ئەقىللىق دېسە بولىدۇ، ئېيتمىسا بىلگەننى؛
سېخىي دېسە بولىدۇ، سورىمىسا بەرگەننى.

ئەقىللىققا گەپ قىلساڭ ئويلاپ كۆلىدۇ،
نادانغا گەپ قىلساڭ ئاڭلاپ كۆلىدۇ.

ئەقىللىقنىڭ قەدرى ئەخمەقنىڭ يېنىدا ئۆتۈلەر،

ئەقىللىقنىڭ ئېتى هارماس، تونى توزۇماس.

ئەقىللىق ئۆزىگە ئىشىنىدۇ،
ئەخمەق چۈشىگە.

ئەقىللىق ئۆزىنى ئەيىبلەر،
نادان دوستىنى.

ئەقىللىق دوستىنى ماختار،
ئەخمەق خوتۇنىنى.

ئەقىلنىڭ خاتاسى ئىشتا تۈزىلەر.

ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا.

ئەيىبىنى يوشۇرغان ئەخمەق.

بارچە گۇناھ ئۆزۈمدە تۇرۇپ،
قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي.

باشقا كەلگەندە باش قاشلاپتۇ.

بەل باغلىغان بىلەن ئەر ئەمەس،
چاچ تارىغان بىلەن خوتۇن (ئەمەس).

بوي دېسەڭ تۆگىدە بار،
ساقال دېسەڭ ئۆچكىدە.

بويى بارنىڭ ئويى يوق.

بىغەرەز پادىشاھتىن چوڭ.

بىغەرەزدىن دوزاخ قاچار.

بىلمىگەنگە ياخشىلىق قىلما،
تىڭشىمىغانغا سۆز (قىلما).

بىلىپ ئىش قىلغانىنىڭ بېلى ئۇشتۇلماس.

پاراسەتسىز پالاكەتكە يولۇقار.

پالتىنىڭ چۇلدىسىدا ئوتۇن يېرىپتۇ.

پەشنى كېسىپ، يەڭنى ياماپتۇ.

پەمسىز پەلەمپەيدىن يىقىلار.

پەمسىزنىڭ پاراستى يوق،
غەمسىزنىڭ پاراغىتى (يوق).

پۇتۇڭنىڭ توغرىلىقىغا قارىما،
يولۇڭنىڭ توغرىلىقىغا قارا.

پۇشايمان پايدا بەرمەس.

پۇل تاپقۇچە ئەقىل تاپ.

پۇلۇڭغا ئىشەنگۈچە ئەقلىڭگە ئىشەن.

تاغنى كۆتۈرگۈدەك كۈچۈڭ بولغۇچە،
قىلنى يارغۇدەك دىتىڭ بولسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەدبىرلىك قانداق بولسا،
تەقدىرلىك شۇنداق بولار.

تەقدىرگە تايىنىپ ياشىماي،
تەدبىرگە تايىنىپ ياشا.

تەمتىرىگەن تام سىيپىلار.

توخۇنى كۆلچەككە ھەيدەپتۇ،
ئۆدەكنى قونداققا.

تووۋا قىلغانغا تۆگە بەر.

تۆگە بىلەن ياندىقتا چۆككىلى بولماس.

تۆگە مىنىپ تۆگە ئىزدەپتۇ.

تۇگمىنى كۆرۈپ، تۆگىنى كۆرمەپتۇ.

تۆگىدەك بويۇڭ بولغۇچە،
تۇگمىدەك ئەقلىڭ بولسىچۇ.

تېرەكتىن شاپتۇل تەمە قىلما.

جاڭگالدا يوقالغان ئېشەكنى ئۆيدىكى مومايدىن سوراپتۇ.

چاپان كۆيسىمۇ كۆيسۇن، قازان قاينىسۇن.

چاپىقنى ئالىمەن دەپ كۆزىنى قارىغۇ قىلىپتۇ.

چارىسىز ئىش بولماس،
چارسىز ئاش (بولماس).

چاقماقتا ئاتنى تېگىشكەن ئەخمەق.

چوڭنىڭ ئەقلىمۇ چوڭ.

چۈمۈلىنى بازغان بىلەن ئۇرۇپتۇ.

چېچەن جۇۋاننى ئوچاق بېشىدا سىنا.

چېچەننىڭ تىلى،
چەبدەسنىڭ قولى.

چېچەن يېگىلسە هوشىدىن كېتەر.

چېچەن يىگىت يىلاننىڭ كۆشىگىنىنى بىلىدۇ.

چىراغپايدا چاي ئىچكەن «چېچەن»نى كۆرۈڭ.

چىراغ پەرلىگەن خىزمەت ئەمەس،
ئۆچۈرمىگۈچە هېساب ئەمەس.

خۇدا ئۇرسا ئاۋۋال ئەقىلدىن ئۇرار.

داپ داراڭلىغان، ئېشەك هاڭرىغان يەردە يۇرۇپتۇ.

دادام قازناقتا يوق.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

دانا كىشى ئاز سۆزلەپ كۆپ ئاڭلار.

دۇنيادا ئەخمەق بولمىسا، ئەقىل ئىگىلىرى زېرىكىپ قالار.

دۆتكە نەسىھەت كار قىلماس،
قارىغا سوپۇن.

دۆڭنى كۆرۈپ تاغ دېمە،
گۈلنى كۆرۈپ باغ دېمە.

زېرەك بالا تېپىپ سۆزلەيدۇ،
كالۋا بالا كۆپۈپ سۆزلەيدۇ.

زېرەك كىشى خوشامەتنى دوست تۇتماس.

ساقتىن زېرەك گاچا بار،
شاختىن چىڭراق ئاچا بار.

سايەڭگە قاراپ بويۇڭنى ئۆلچىمە.

سايغا تاش يۇدۇپ بېرىپتۇ،
جاڭگالغا ئوتۇن.

سەھراغا چىقسا ئېشىكىنى تونۇمايدۇ،
شەھەرگە كىرسە دوستىنى.

سۇغا بېرىپ چېلەكنى ئۇنتۇپتۇ.

غەرەزدىن غەرەز تۇغۇلار،
تاز باشتىن مەرەز.

غەم قىلغۇچە، پەم قىل.

قارىغۇنىڭ كەينىگە كىرسەڭ، گوداڭغا يىقىلىسەن.

قارىماي ئېتىۋىدىم، كاللامغا تەگدى.

قازى بىلەن قالامىسەن،
مۇپتى بىلەن كېتەمسەن.

قالاشنى بىلسەڭ قارمۇ كۆيىدۇ.

قەيەرگە يىقىلىشىمنى بىلسەم،
شۇ يەرگە پاخال سېلىپ قوياتتىم

قۇش قانىتى بىلەن ئۇچىدۇ،
پۇتى بىلەن قونىدۇ.

كۆتۈرۈشنى بىلسەڭ تاشمۇ يېنىك.

كۆرمەي تۇرۇپ ئاق دېمە،
سىنىماي تۇرۇپ ساق دېمە.

كۆز دېگەن كامار نېمە،
كۆرمىسە بىكار نېمە.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

كۆز كۆرىدۇ، ئەقىل تونۇيدۇ.

كۆز كىچىك بولسىمۇ كۆرىدىغىنى چوڭ.

كۆزى گەجگىسىگە چىقىپ قاپتۇ،
ئەقلىي دۈمبىسىگە.

كۆك ياغاچ بىلەن قوينۇڭنى تولدۇرما.

كۆڭۈل — قۇش، ئەقىل — ئۇۋا.

كۆڭۈل كۆرمىسە، كۆز دېگەن تامنىڭ تۆشۈكى.

كۆمسەم پىشارمۇ، ياپسام پىشارمۇ.

كېرەككە تېرەك يىقىلار.

كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس.

كېڭەشكە كىشى تاپالمىساڭ،
دوپپاڭ بىلەن كېڭەش.

كېيىنكى پۇشايمان — ئۆزۈڭگە دۈشمەن.

كىچىك بالا ئەمەسمەن،
ئەمچەكنى «مەمە» دېگىلى.

كىرىشتىن ئاۋۋال چىقىشنى ئويلا.

گاچا چۆچۈرە يېسە، ئىچىدە ساناپ يەر.

گالۋاڭ ئېگىزنىڭ بېشى ھەمىشە زېدە.

مەسلىھەت سالساڭ چوڭغا،
ئىشىڭ تارتىدۇ ئوڭغا.

مېنىڭ توغرا دېگەن كۆپنى كۆرمەس.

مېۋىسىز دەرەخنى قاقما.

نەپسىگە ئەگەشكەن ئەخمەق،
پالاكەت تېگىدە ياتماق.

نەپسىنىڭ تىزگىنىنى ئەقىل تۇتسۇن.

ھارماڭ دېسە، خامان باقتىم دەپتۇ.

ھاماقەتنى ھارماڭ دېمە،
ھارغاندا ئۆزى توختايدۇ.

ھەركىم ئۆزىنى چاغلاپ،
ئىش قىلىدۇ بېلىنى باغلاپ.

ھەممە ئىشقا پەم كېرەك،
ئەسكى ئۆتۈككە چەم (كېرەك).

ھويلامنىڭ تېمى يوق،
دەرۋازام قۇلۇپلاقلىق.

ئوق يەتمىگەن يەرگە قىلىچ شىلتىمە،

ئويلاۋەرسەڭ دانا بولىسەن،
ئويناۋەرسەڭ بالا (بولىسەن).

ئويلىماي قىلغان ئىشىڭدا،
كۈندە غوۋغا بېشىڭدا.

ئويلىماي ئىش قىلساڭ،
سانىماي تاياق يەيسەن.

ئۇماچقا زەدەك توغراپتۇ،
پولوغا مەدەك.

ئۆزۈم پاتمىغان كامارغا،
غەلۋىر باغلاي قوڭۇمغا.

ئۆزۈم تاپقان بالاغا،
نەگە باراي داۋاغا.

ئۆزۈمدىن ئۆتكەن،
قولۇمدىن كەتكەن.

ئۆزى قەلەمچە، ئەقلى ئالەمچە.

ئۆزىنى بىلگەن خار ئەمەس.

ئۆزىنى سورىغان شەھەرگە سۇلتان،
ئۆزىنى سورىمىغان ئۆتۈككە ئۇلتاڭ.

ئۆزىنى سورىغان قازى ئالدىغا بارماس،

ئۆزىنى سورىغان يۇرت سورار.

ئۆزىنىڭ پۇتىغا ئۆزى كەكە چېپىپتۇ،
ئۆزىنىڭ سايىسىغا ئۆزى مۇشت ئېتىپتۇ.

ئۈچ ئادەم بار يەردە خىزىر بار.

ئېيىقنى ئاغام دەپتۇ،
توڭگۇزنى تاغام.

ئىت ئۇستىخان يېسە، كۆتى بىلەن كېڭىشەر.

ئىش پەم بىلەن،
ئىشىك دەم بىلەن.

ئىشتانغا چىچقان كۆڭۈلگە تايىن.

ئىش كۆرمىگەن خام بالا،
ئەقلى ـ ھوشى كەم بالا.

ئىككى تاۋۇزنى بىر قولتۇققا قىسقىلى بولماس.

ياخشى ئەقىل كۆپتىن چىقار،
يامان ئەقىل دۆتتىن.

يوقنى كېرەك تاپىدۇ.

يولىنى بىلسەڭ، سۇ ئۆگزىگە چىقار.

يولۋاس ياتقىنىدىن مەلۇم.

يېمەيدىغان ھەسەل بار،
يەيدىغان زەھەر (بار).

يىراقتا قارىغاننىڭ كۆزى ئۆتكۈر.

# ئىش ـ ئەمگەك ۋە ھۈنەر-ھۆرۈنلۈق توغرىسىدا

ئاپتاپ يەرنى تاۋلايدۇ،
جاپا ئەرنى.

ئات ـــ ھارۋاڭ كەتسىمۇ كەتسۇن،
غاڭزاڭنى چالا قاقما.

ئادەم قولى چۆلنى بوستان قىلار.

ئادەم قولى گۈل.

ئارتۇق ئۇخلىساڭ ئاچ قالىسەن.

ئاش تەڭ، نان تەڭ،
سول نېمىشقا كەڭ؟

ئاش كەلسە يېگىن،
ئىش كەلسە قىلغىن.

ئاشنى باداڭدىن سورا،
ئىشنى كاداڭدىن.

ئاشنى كۆرسە ئىچىڭ تاز،
ئىشنى كۆرسە قېچىڭ تاز.

ئاشنى كۆرۈپ ئىشنى ئۇنتۇما.

ئاش يەڭ دېسە، چۆپىنى تارتىدۇ،
ئىش قىلىڭ دېسە، ئۆزىنى (تارتىدۇ).

ئاغزىڭ گەپتە بولسىمۇ،
قولۇڭ ئىشتا بولسۇن.

ئالتە خوتۇن بىر ئۆيدە،
ئېشەك تېزىكى تۆردە.

ئالتۇن ئوتتا بىلىنەر،
ئادەم ئەمگەكتە.

ئالتىنچى ئاينىڭ ئاپتىپىدا،
ئۆستەڭ بويىدا لۈكچەك،
ئون ئىككىنچى ئاينىڭ سوغۇقىدا،
سېپىل تۈۋىدە دۈمچەك.

ئاۋۋال ئىشلە، ئاندىن ئوينا.

ئەتىگە قالغان ئىشقا قار ياغار.

ئەجىر قىلساڭ چۆلگە،
پۈركىنىسەن گۈلگە.

ئەسكىنى ئالداپ ئىشلەت،
تاسمىنى مايلاپ (ئىشلەت).

ئەمگەك بىلەن ئەر كۆكرەر.
يامغۇر بىلەن يەر (كۆكرەر).

ئەمگەك قىلساڭ ئاتىقىڭ چىقار،
قىلمىساڭ چاتىقىڭ (چىقار).

ئەمگەكنىڭ نېنى تاتلىق،
ھۇرۇننىڭ جېنى (تاتلىق).

ئەمگەك ئېتىزدا قالماس،

ئەمگىكىڭ قاتتىق بولسا،
يېگىنىڭ تاتلىق بولار.

بەرسەڭ يەيمەن،
ئۇرساڭ ئۆلىمەن.

بولۇمسىزغا بولۇپ بەردى.
پۇت ـ قولىنى قويۇپ بەردى.

بۇلۇمسىزنى بولدۇرالمىدىم،
خۇرجۇن ـ قاچىسىنى تولدۇرالمىدىم.

بوي ئىشلىمەس، قول ئىشلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ خېنىمنىڭ ئۈزلۈقى،
ئاپتاپتا قاپتۇ تۈزلۈقى.

بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما.

بىر بىكار ئوننى بىكار قىلىدۇ.

بىرنى بىر كىم بېرەر، كۆپنى ئەمگەك.

بىكار بولساڭ، كېپەك تاسقاپ يە.

بىكار تەلەتكە كۈندە ھېيت.

بىكار تۈرغۈچە، بىكارغا ئىشلە.

بىكارچىدىن بىمەزە گەپ چىقار.

بىكاردىن خۇدا بىزار.

بىكارنىڭ چولىسى يوق،
قىلغىلى ئىشى يوق.

بىكار ياتقان ئېشەكنىڭ تېزىكى تورلۇق.

بىكار يېتىپ قەنت يېسەڭ،
زاغرىچىلىك تەمى يوق.

بىلەككە قارىما، يۈرەككە قارا.

بىلمەسلىكتىن ئەمەس، قىلماسلىقتىن.

پالتا چۈشكۈچە كۆتەك ئارام ئاپتۇ.

پۇختا ئىشتىن كاۋاك چىقماس،
يەككە قولدىن چاۋاك چىقماس.

پۇل تاپارغا سەن تۇرساڭ،
يەپ ياتارغا مەن تۇراي.

پىچاق تاشتا بىلىنىدۇ،
ئادەم ئىشتا سىنىلىدۇ.

پىلانسىز ئىش — قېلىپسىز خىش.

تاغدەك ئىشنىڭ تېرىقتەك تۈگۈنى بار.

تاغقا چىقماق ئاسان،
تاغ تېكىسىنى ئاتماق تەس.

تاغقا چىقماي دولان يوق.

تاي تېپىرلايدۇ، هارۋىنى ئات تارتىدۇ.

تەر بىلەن كەلگەن تەشنالىققا داۋا.

تەر — قىلغان ئەتكەنلى هالاللايدۇ.

تەرلىگۈچە ئىشلە، تويغۇچە يە.

تەييار گۆشنى يېگەن يولۋاس ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەييار ئىشنىڭ بېشىغا،
ئاسان كېلەر قېشىغا.

تۈزلەڭلىكتە تاغ يوق،
ئېرىنچەكتە باغ يوق.

تۈگمەن بىر ئايلانغۇچە،
ئىگىسى يۈز ئايلىنار.

تۈگمەنگە بارغىنىممۇ شۇ،
تاغارنى يارغىنىمىمۇ شۇ.

تېجىمەل كېپەن تاپسا ئۆلۈۋالار.

تىرىشقان كامال تاپار،
ھۇرۇن زاۋال (تاپار).

تىلىۋالغان تىزغا يەتمەپتۇ.

جاپا چەكمىگۈچە ھالاۋەت يوق.

چاپسان بول دېسە،
زاغرامنى يەۋالاي دەپتۇ.

چاشقان يىغار، پاقا يەر.

چاك باسمىغان ئىشنى چېچەك باسار.

چىدىماسىنىڭ ئالىسى تولا،
خۇش ياقماسىنىڭ باھانىسى (تولا).

چىشىمغا قارىما، ئىشىمغا قارا.

خۇمداندا خىش تولا،
قىلاي دېسەم ئىش تولا.

دادام مازارغا شەيخ،
مەن تەييارغا (شەيخ).

سەن تارت ـ مەن تارت،
بوش تۇتۇپ چىڭ تارت.

سەن سالا ـ مەن سالا،
ئاتقا چۆپنى كىم سالار؟

سەۋەب قىلساڭ زاۋال يوق،
قىلالمىساڭ ئامال يوق.

سەۋەب قىلساڭ، سېۋەتتە سۇ توختار.

سۇدا پېشماي كىگىز بولماس،
ئوتقا چۈشمەي بىگىز (بولماس).

سۇسىز ھايات بولماس،
ئەمگەكسىز راھەت (بولماس).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سىرتتا ئىشلە، ئۆيدە يە،

سىرلىساڭ سىرلىق ئاياغ،
سىرلىمىساڭ ئىتقا يالاق.

قولۇڭدىن كەلسە ياغ چاينا.

قولۇڭنى قول قىلىپ ئىشلەت،
پۇتۇڭنى ئۇي قىلىپ (ئىشلەت).

قوي باقماي پاقلان يەپتۇ،
ئاش تېرىماي ئاق نان (يەپتۇ).

قۇشناچىم نېمە قىلار،
تىكىپ - سۆكۈپ ئىش قىلار.

قولدەك ئىشلەپ، بەگدەك يە.

قىردا بار، قىرلاشتا يوق.

قىرىق ئاغچا ئاچتىن ئۆلۈپتۇ.

قىشلىقى قايان باراي،
ياز كەلسە ساراي سالاي،

قىلسا تۈگىمەيدىغان ئىش يوق،
قىلتاقتا چۈشمەيدىغان قۇش يوق.

قىلغان ئىشنىڭ پىلانىسىز،
ئاتقان ئوقنىڭ نىشانىسىز.

قىلىچ قىنىدا ياتسا، دات باسىدۇ.

كۆكتىن ئىزدىگەننى يەردىن تېپىپتۇ.

كۆز كۆرەر، قول ئىشلەر.

كىشى قولىدا قوش تويماس.

كىشىگە ئىشەنگۈچە،
بىلەكىنىڭ كۈچىگە ئىشەن.

كىشىنىڭ ئاغزىغا قارىغان ئاچ قالار.

كىشىنىڭ تەرىتىدە ناماز ئوقۇپتۇ.

كىشىنىڭ جۇۋىسىدا تەرلەپتۇ.

كىشىنىڭ ئون «ھە ـ ھۇ» سىدىن،
ئۆزۈڭنىڭ بىر غەيرىتى ياخشى.

كىم بىكار ـــ سەن بىكار،
ھويلىدىكى ئىت بىكار.

گەپدان بولغۇچە، ئىشچان بول.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گەپ دېسە بەش ئېشەككە يۈك،
ئىش دېسە خەپشۈك.

گەپ دېسە، قاپ ـ قاپ،
ئىش دېسە سامانلىقنى تاپ.

گەپ ساتىدىغان يۈز پوچىدىن،
ئىش قىلىدىغان بىر نوچى ياخشى.

ماڭغان پۇتقا توپا يۇقار.

مەدداھ گەپ سېتىشتىن ئۇيالماس،
ھۇرۇن پىت بېقىشتىن.

مەن ئالدىرايمەن كەتكىلى،
ئېشىكىم ئالدىرايدۇ ياتقىلى.

مۇكچەيگەننىڭ بېلىنى كەتمەن تۈزەيدۇ.

مېڭىشقا ئېرىنسەڭ، كېيىن يۈگۈرسەن.

مېڭىشنى بىلمىگەن ئۆي قىرنى بۇزار.

ئەمگەكتىن قاچما، مىننەتتىن قاچ.

ئەمگەكنىڭ تېگى راھەت.

مىلڭ خىشىم بار، تېمىم يوق،
مىدىرلايمەن، جېنىم يوق،
خۇدايىم بار، غېمىم يوق.

مېۋىسىز دەرەختىن تۇت ياخشى،
ھۇرۇن ئادەمدىن بۇت ياخشى.

ناسۋال قاپاقفا پۇل بارمۇ.

نان يۇز قولدىن ئۆتۈپ ئېغىزغا كىرەر.

ھاردىم دېسە، ھاپاش بوپتۇ.

ھالال نانىڭ مىننىتى يوق.

ھەر كۈنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئەمگىكى بار.

ھەرىكەتتە بەرىكەت،
بىكارچىلىقتىن نېرى كەت.

ھەسەلنىڭ ھەرىسى بار،
گۈلنىڭ تىكىنى.

ھەممە ئىشنىڭ يولى بار،
ھەممە تامنىڭ ئۇلى بار.

ھۇرۇن ئادەم يەرگە يۈك.

ھۇرۇنغا ھويلىدىكى سۇ يىراق.

ھۇرۇنغا ئېتىزنىڭ قىرى تاغ كۆرۈنەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھۇرۇن كۈندۈزى يۇلتۇز كۆرەر،
كېچىسى پىشانىسى كۆيەر.

ھۇرۇننىڭ ئايۋان سارىيى —
قارا سۆگەتنىڭ سايىسى.

ھۇرۇننىڭ غەيرىتى ئىش تۈگىگەندە كېلەر.

ھۇرۇننىڭ ھۈنىرى ئۇيقۇ.

ھۇرۇننى ئىشقا بۇيرۇساڭ،
ئاتاڭدىن ئارتۇق ئەقىل كۆرسىتەر.

ھۇرۇن ئولتۇرۇپ ئۇخلايدۇ، يېتىپ ئىشلەيدۇ.

ھۇرۇن ئېشەكنىڭ تۆت پۇتى ساق.

ھۇرۇن ئېشەك يۈكنى ئېغىر كۆتۈرەر.

ھۇرۇن يىگىت دېگۈچە،
ھالسىز يىگىت دېسەڭچۇ،
ئېغىر يىگىت دېگۈچە،
ئاغرىق يىگىت دېسەڭچۇ.

ھۇرۇن ئىككى قېتىم چېچار.

ئوتقا قاراپ تۆمۈر سوق.

ئوڭدا ياتقان ئابدۇغوپۇر،
ئاش يەڭ دېسە چاچراپ قوپۇر.

ئۇچاڭ قىچىشسا تۇگمەنگە بار.

ئۆلۈپ يېتىپ ئۆپكە تىلەپتۇ،
چىچىپ يېتىپ كۆرپە.

ئۆلۈكنىڭ قولىنى ئۆتنە ئاپتۇ.

ئۆم ئەمگەكتە ئۇنۇم بار.

ئۇجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش!

ئېرىنچەككە بۇلۇتنىڭ سايىسى يوق.

ئېرىنچەكنىڭ ئەتىسى تۈگىمەس.

ئېرىنسەڭ ئىشىڭنى كىم قىلار،
ئۇيالساڭ سۆزۈڭنى (كىم قىلار).

ئىت مۇشۈكنى بۇيرۇسا،
مۇشۈك قۇيرۇقىنى بۇيرۇپتۇ،

ئىش ئادەمگە باغلىق.

ئىش ئاشقا تارتىدۇ،
ھورۇنلۇق باشقا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىش بار يەردە ئاش بار.

ئىش باشقا، ھەۋەس باشقا.

ئىش بىلگەن ئىشنى ھاردۇرار،
ئىش بىلمىگەن ئۆزىنى ھاردۇرار.

ئىش تولا، كۆمۈر ئاز.

ئىشتىن قاچساڭ، قورساققا تۇتۇلىسەن.

ئىشچان دوستۇڭ ـــ جان دوستۇڭ.

ئىشچاندىن تەر چىقىدۇ،
ھۇرۇندىن «ئۇھ !...»

ئىشچاننىڭ پۇلى تۈگىمەس،
بەتخەجنىڭ قەرزى (تۈگىمەس).

ئىش چىڭىغا چىققاندا قۇشقۇنغا ئولتۇرۇپتۇ.

ئىش سېنى يەڭمىسۇن،
سەن ئىشنى يەڭ.

ئىشقا بارسا قارانچۇق،
بىكار يۈرسە ياسانچۇق.

ئىش قورالىڭ ساز بولسا،
مۇشەققىتىڭ ئاز بولار.

ئىش قىلىشقا بېلى بوش،
گەپ قىلىشقا ئاغزى قوش.

ئىش قىلساڭ پۇختا قىل، خام قىلما.

ئىشلەپ يېگەن لەززەتلىك،
تىلەپ يېگەن مىننەتلىك.

ئىشلىقنىڭ ئىشى پۈتەر،
ئىشسىزنىڭ كۈنى ئۆتەر.

ئىشلىسەڭ ئالىسەن قاپلاپ ئاش،
ئىشلىمىسەڭ قالىسەن چايناپ تاش.

ئىشلىسەڭ چىشلەيسەن.

ئىشلىگەن چىلىق - چىلىق،
ئىشلىمىگەن قورغاقچىلىق.

ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق،
ئىشلىمىگەننىڭ يۈزى چورۇق.

ئىشنىڭ ئاسىنى يوق،
قىلالىساڭ قىيىنى يوق.

ئىشنىڭ بېشىدا تاراقلايدۇ،
ئاخىرىدا پالاقلايدۇ.

ئىشنىڭ ياخشىسى كۆتۈرە،
ئاشنىڭ ياخشىسى چۆچۈرە.

ئىش ئۈستىدىن قورقار.

ئىش ۋاقتىدا ھەييار،
ئاش ۋاقتىدا تەييار.

ئىش ئېپى بىلەن،
كەتمەن سېپى بىلەن.

ئىش ئېپى بىلەن،
يىڭنە يىپى بىلەن.

ئىشى تېزنىڭ ئېشى تېز.

ئىش ئىشتەينى ئاچىدۇ.

ئىش ئىگىسى بىلەن،
قۇش مېڭىسى بىلەن.

ئىشمىنى ئاز دېمەڭ،
بېشىمنى تاز دېمەڭ.

ئىشى يوقنىڭ ئېشى يوق.

ئىشى يوق ئىت سۈغىرار.

ئىلمەكنى ئىشارەت بىلەن رۇسلىغىلى بولماس.

ياتقانغا نان يوق،
قوپقانغا ئالۋان.

ياتقانغا يولۇقماس ھېچنېمە،
ماڭغانغا پۈتلىشار ھەرنېمە.

ياتقان ئۆكۈزگە يەم يوق.

ياز بولسا، قىش بولمىسا،
ئاش بولسا، ئىش بولمىسا،

يازدا ئۇخلىغان قىشتا مۇزلار.

يازدا ئېرىنچەك بولساڭ،
قىشتا دۈمچەك بولىسەن.

ياساش قىيىن، بۇزۇش ئاسان.

ياماق ياماپ، يارماق[①] تاپ.

يوق دېسە يېتىپ يەڭ.

يۇمشاققا ماقۇل،
قاتتىققا ياق ـ ياق.

يېتىپ يەپتىمەن،
تۇگەپ قالارىنى بىلمەپتىمەن.

يىپىڭ ئىشىكلىك بولسا،
ئىشىڭ پۈتۈكلۈك.

① يارماق ـــ ئۆتمۈش جەمئىيەتتىكى مېتال پۇل.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك توغرىسىدا

ئاتاڭ كۆكبېشى بولغۇچە،
يېرىڭ سۇ بېشى بولسۇن.

ئاتاڭمۇ يەر، ئاناڭمۇ يەر.

ئادەمنىڭ ھەققىنى يەر قايتۇرار.

ئازگال يەر سۇ ئىچكۈچە،
دۆڭ يەر نەم تارتىدۇ.

ئاسمان ئەركەك، يەر چىشى.

ئاق لەيلى بار يەرگە ئاش تېرىما.

ئالا زىرائەت ئاتقا مىندۇرەر،
قېلىن زىرائەت قىرغا.

ئالما چېچىكى ۋاقتىدا ئالتۇن بېرىپ بۇغداي سۇغار.

ئانار ئۇرۇقى بىلەن،
گۈل پۇرىقى بىلەن.

ئاۋۋال تام ئەت، ئاندىن باغ.

ئەتىيازدىكى ھەرىكەت —
كۈزدىكى بەرىكەت.

ئەجىر قىلساڭ تاشقا،
ئاغزىڭ تېگەر ئاشقا.

ئەلدىن سورىغۇچە،
يەردىن سورا.

ئەمگەك قىلساڭ، يەر سېخىي.

باشاق سانىماي، چاناق سانا.

باغ قىلساڭ چىت قىل،
مال قىلساڭ ئىت (قىل).

بالدۇر تېرىغان ئاش ئالار،
كېيىن تېرىغان شاخ (ئالار).

بەشىنچى ئايدا بېشىنى كۆردۈم,
ئالتىنچى ئايدا ئېشىنى.

بولىدىغان ئاش كۆكىدىن مەلۇم.

بۇغداي تېرىساڭ كۈزگە تەر،
ئارپا تېرىساڭ بوزغا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇغداي قويۇقلۇقتىن بولار،
قوناق سۇيۇقلۇقتىن.

بۇيىدىن قاچ، كەكرىگە چاچ.

بېغى بارنىڭ تېغى بار.

بېغىنى سورىماي، ئۈزۈمىنى يە.

بېقىپ يەي دېسەڭ مال قىل،
يېتىپ يەي دېسەڭ باغ قىل.

بىر كۈن ئاۋۋال تېرىساڭ،
ئون كۈن ئاۋۋال يىغىسەن.

بىرنى كەسسەڭ، ئوننى تىك.

پالتاڭنى ئېلىپ تاغقا يۈر.
سېۋىتىڭنى ئېلىپ باغقا.

تاشقا چاچ، بەختىڭدىن كۆر،

تامچە سۇدا تال كۆكىرەر.

تامغىلىق مال يوقالماس،

تاينى ئايغان ئات مىنەر.

تەخەيلىك ئېشەك پايخانغا يارىماس.

تەر تۆكۈپ چاچساڭ ئۇرۇق،
يەر سېنى قويماس قۇرۇق.

تەكشى چاچساڭ تاختىدەك ئۈنەر،
ئالا چاچساڭ لەخمىدەك.

تۆگە تاپىنىدا خامان يۇمشىماس.

تۆگە يۈزگە يەتمەس،
يۈزگە يەتسە كۆز يەتمەس.

تېرىساڭ ئورارسەن،
ئىزدىسەڭ تاپارسەن.

تېرىغان خامان قىلار،
تېرىمىغان ئارمان (قىلار).

تېرىغان يەر قېرىماس،
ئىشلىگەنگە ئەر (قېرىماس).

تېرىغان ئوراپ يەر،
تېرىمىغان سوراپ (يەر).

تېرىغان ئۆزىدىن سورايدۇ،
تېرىمىغان كىشىدىن (سورايدۇ).

تېرىقمۇ تېرىمايمەن،
قۇشقاچمۇ قورۇمايمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تېرىق ئورىماق ــ قىز قوچاقلىماق،
ئارپا ئورىماق ــ خون چىقارماق.

تېرىمىساڭ ئۈنمەيدۇ.

تېرىيدىغان يېرىڭ نەم بولسۇن،
كىرىدىغان يېرىڭ كەڭ بولسۇن.

چارۋا مال ــ بارالڭ.

چارۋىچىلىق كۆچە ـ كۆچە،
دېھقانچىلىق كۈندۈز ـ كېچە.

چىلانغا چۆل ياخشى،
ياڭاققا كۆل.

چىلاننى چۆلگە تىك،
ئەنجۈرنى كۆلگە.

خامان ئالماق ــ شەھەر ئالماق.

دان سۈيى ــ جان سۈيى.

دۆڭگە جىرىم تىكمە،
ئويغا ئۆي سالما.

دېھقان بولساڭ شۈدىگەر قىل،
موللا بولساڭ تەكرار قىل.

دېھقانغا ھاشا تولا،
چاپچالدا پاشا تولا.

دېھقاننىڭ بۆرىنغا يەر پۆرايدۇ.

دېھقاننىڭ پۇلى يەردە.

زىرائەت يەرنىڭ ئۆگەي بالىسى،
ياۋا ئوت ئۆز بالىسى.

زىرائەتنىڭ كۆكىگە ئىشلىمەي، تۈۋىگە ئىشلە.

زىغىر تېرىغان يەر ــ كېزىك بولغان ئەر.

سازنى يەر بولمايدۇ دېمە،
تازنى ئەر بولمايدۇ (دېمە).

سۇ باشتا، نان ئاياغدا.

سۇ تالاشساڭ بېشىنى تالاش.

سۇغا يېقىن سۇچى كېلەر،
چۆلگە يېقىن نوچى.

سۇ كەلگۈچە تۈغان سال.

سۇمبۇلدا سۇ تۇت، مىزاندا تېرى، سەرتالدا ئور.

سۇ — يەرنىڭ قېنى،
يەر — دېھقاننىڭ جېنى.

سۇيۇم كۆلدە، ئېشىم چۆلدە.

سۇيۇڭ غول — ھوسۇلۇڭ مول.

شاپتۇلدا باغ ئەتمە،
ئۆچكىدە مال (ئەتمە).

شالاڭ ئاش باش كۆرسىتەر،
قويۇق ئاش چەش (كۆرسىتەر).

قوناقنى دۆڭگە تېرى،
بېدىنى ئويغا.

قۇم يەر — شۇم يەر،
سېغىز يەر — مېغىز يەر.

قىغسىز يەر — پۇلسىز ئەر.

كالىنىڭ گۆشى ئايدا - يىلدا،
سۈت، قېتىقى كۈندە - كۈندە.

كەتمەن دەردىنى قول بىلەر،
لەززىتىنى تىل (بىلەر).

كەتمەن ئوڭدا ئەمەس، گەپ قوڭدا.

كەكرىنى ئاشقا سالما،
كەتمەننى تاشقا (سالما).

كۆچەت تىكسەڭ پۈتاپ تۇر،
كۆكتات تېرىساڭ ئۈتاپ تۇر.

كۆچەتنى سۇندۇرغۇچە، قولۇڭنى سۇندۇر.

كۆكنى كۆرۈپ كۆكسۈڭنى كەرمە.

گەپ يەردە ئەمەس، ئەردە.

مال سەمرىسە ياغ بولار،
يەر سەمرىسە باغ (بولار).

مالنى باقساڭ توق بولار،
بولمىسا يوق بولار.

مالنى تاپقان باقسۇن،
ئوتۇننى چاپقان ياقسۇن.

مالنى كېپەككە ئال.
باققۇچىنى ئالتۇنغا (ئال).

مالنىڭ بېشى توخۇ.

نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن.

هوسۇلۇڭ كەم بولسا، هاۋادىن كۆرمە.

هوسۇلۇڭ يەتسە گۈل قىس.

ئوت، سامان، ئوزۇق تالقان.

ئورتاقچىلىقتىن كەيسەن ياخشى.

ئورما — يېگەن ناننى سورىما.

ئوغۇت — يەرنىڭ يېغى.

ئوغۇت يىغساڭ تاتىلاپ،
هوسۇل ئالىسەن قاچىلاپ.

ئۇرۇقۇڭنى يېگۈچە ئۇيۇڭنى يە.

ئۇستا ئوۋچى شىر ئاتار،
قاۋۇل دېھقان بوز ئاچار.

ئۆرۈك قىزىل كوس،
بۇغدايغا سۇنى توس.

ئۆلۈپ ئۆسكەن مال ياخشى،
بىلىپ ئۆسكەن جان ياخشى.

ئۆلۈشكە چىدىساڭ مال ئەت،
كۆمۈشكە چىدىساڭ تال ئەت.

ئۆيۈڭ ئۆستەڭ بويىدا بولسا،
قاپىقىڭ قۇرۇق قالماس.

ئېرىقنى ئويۇپ چاپ،
سۇنى ئويناپ تۇت.

ئىنەكنىڭ سۈتى يېلىنىدە ئەمەس، يېمىدە.

ياخشى دېھقان ئۆلاغنى باقىدۇ،
يامان دېھقان قامچىسىنى قاقىدۇ.

يەر ئاچچىقى — جان ئاچچىقى.

يەر — ئالتۇن قوزۇق.

يار ياقاردىن يەر قورقار.

يەر تويدۇرار، ئوت كۆيدۈرەر.

يەر تويمىغۇچە ئەل تويماس.

يەر قاتتىق بولسا، ئۆ ئۆكۈز بۆ ئۆكۈزدىن كۆرەر.

يەر قوشنام تام قوشنامدىن يېقىن.

يەر كىشىنى يەيدۇ،
كىشى يەرنى (يەيدۇ).

يەرگە تەرنىڭ ئۆگىيى يوق،
خوتۇنغا ئەرنىڭ (ئۆگىيى يوق).

يەرگە قاراپ ھوسۇل،
دانقا قاراپ ئۇسۇل.

يەرگە ئىشلە، ئايانما،
يوق ئامەتكە تايانما.

يەرنى ئالدىغان ئۆزىنى ئالدار.

يەرنىڭ كۆزى ئاچ.

يەرنىڭ يېمى ئوغۇت،
ئانا غېمى توغۇت.

يەر ھەيدىسەڭ كۆز ھەيدە،
كۆز ھەيدىمىسەڭ يۈز ھەيدە.

يەر — ھوسۇلنىڭ ئانىسى،
ئەمگەك — ھوسۇلنىڭ ئاتىسى.

يەر يامان ئەمەس، ئەر يامان.

يېرىڭ تاش بولسىمۇ،
ئېچىقىڭ باش بولسۇن.

يېرىڭنىڭ قار بىلەن توڭلىغىنى —
ئىشىڭنى خۇدانىڭ ئوڭلىغىنى.

يىلتىز سۇدا بولمىسا، ھوسۇلدىن ئۈمىد كۈتمە.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ۋاقت، مەزگىل ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى توغرىسىدا

ئالتىنچى ئايدا ئالتە چاپان كىيىپتۇ،
ئون ئىككىنچى ئايدا كالتە چاپان.

ئانام بارغۇچە لەيلىقازاق توزۇپتۇ.

ئاي قوتانلىسا ئايدا ياغار،
كۈن قوتانلىسا كۈندە.

ئاي كۆردى، كۈن ئالدى.

ئاينىڭ بېشىدىن قورققۇچە.
بەشىدىن قورق.

ئەتىكى قۇيرۇقتىن، بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا.

ئەتىيازدا توخۇ تويماس.

بارات ئېيىدا قۇيماق يەپ،
سەپەر ئېيىدا كېكىرىپتۇ.

بىر قارلىغاچ كەلمەك بىلەن باھار بولماس.

پارچە بۇلۇتتىن يامغۇر كۈتمە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق.

تاڭ ئاتمايدىغان كېچە يوق،
ياغ چىقمايدىغان قىچا يوق.

تەڭرىنىڭ كۈنى تېرىقتىن تولا.

توخۇ چىللىمىسىمۇ تاڭ ئاتىدۇ.

توققۇز قىزنىڭ تولغىقى بىر كۈندە تۇتۇپتۇ.

تويدىن كېيىن ناغرا چاپتۇ.

تېرەكلەر تەڭگە بولدى،
جۇۋانلار بەڭگە (بولدى).

جاننى ئاسرىساڭ ۋاقتىنى ئاسرا.

چۆلگە يامغۇر ياخشى،
يوبدانغا چامغۇر.

چىشى چىققان بالىغا چايناپ بەرگەن ئاش بولماس.

چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە،
كۆزۈڭنىڭ ئوچۇقىدا شەھەر كۆر.

دەلۈنىڭ ئاپتىپىغا ئالدانما،
دۈشمەننىڭ كۈلكىسىگە (ئالدانما).

سوغۇق كۆك ماڭقىدىن قورقىدۇ.

سىرىتقتال چاغدا ئەر سارغىيار.

شارقىراپ ياغقان يامغۇر ياندىن ئۆتەر،
سىمىلداپ ياغقان يامغۇر جاندىن ئۆتەر.

شامال تۆۋەندىن كېلىدۇ،
ئاپتاپ يۇقىرىدىن.

شەنبە شىكار، ئازنا بىكار.

غاز كەلدى — ياز كەلدى،
غاز كەتتى — ياز كەتتى.

قاراڭغۇنىڭ كۆزى يوق.

قاردا پولا، يامغۇردا شورپا، بوراندا ئۇيقۇ ياخشى.

قارلىغاچ پەس ئۇچتى يەرگە يامغۇر چۈشتى.

قەدىرلىگىن ۋاقتىڭنى،
ئىشەنمىگىن ئۆمرۈڭگە.

قەشقەرنىڭ قىشى ئاز، سوغۇقى ئەتىياز.

قوغۇن پىشسا، ساپىقىدا تۇرماس.

قىش غېمىنى يازدا يە،
ياز غېمىنى قىشتا.

قىشنىڭ ئاپتىپى دۈشمەنىنىڭ كۈلگىنىچە بار.

قىشنىڭ سوغۇقىدا توڭغاندىن،
يازنىڭ ئىسسىقىدا كۆيگەن ياخشى.

قىشنىڭ قىش بولغىنى ياخشى،
يازنىڭ ياز بولغىنى.

قىشنىڭ كۆزى قارىغۇ.

قىشنىڭ گۈلى — ئوت.

كالىنى ساتقاندا ماختا،
سۈتىنى ساغقاندا.

كەچ بولدى — يات،
سەھەر بولدى — كەت.

كەلكۈن سۇ — يىرتقۇچ هايۋان.

كۆيدۈرسىمۇ كۈن ياخشى.

كۈزدە توي تولا،
ئەتىيازدا ئۆلۈم.

كۈزنىڭ ئاپتىپى چىرايغا ياقار.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كۆن چىقسا ھەپىرەڭ،
كۆن چىقمىسا زەپىرەڭ.

كۆن چىقمىسىمۇ كەچ بولىدۇ.

كۆندىن قالدىڭ — ئايدىن قالدىڭ،
ئايدىن قالدىڭ — يىلدىن قالدىڭ.

كۆنگە باققىنى قىزاردى،
باقمىغىنى قارايدى.

كۆنلۈك ئىش قىلساڭ سەھەردىن باشلا،
يىللىق ئىش قىلساڭ باھاردىن.

كۆننى توسىۋالغىلى بولماس،
ۋاقىتنى سېتىۋالغىلى (بولماس).

كېلىنىڭنى كەلگەندە كۆر،
بۆكىنى كىيگەندە.

گاھى خۇدا بىلەن روسۇل،
گاھى دۇتار بىلەن ئۇسسۇل.

مۇزنىڭ ئۆمرى باھارغىچە.

نائنى تونۇرنىڭ قىزىقىدا ياق.

ھوت — كەتمەن سېپىنى تۇت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھېيتتا قويمىغان ئۇسماڭنى
ھېيتتىن كېيىن كاساڭغا قوي.

ئوت بىلەن سۇ — تىلسىز يېغى.

ئوت كۆيدۈرۈپ قورۇيدۇ،
شامال چېچىپ سورۇيدۇ.

ئۆتكەل ئۆتسەڭ ئاۋۋال ئۆت،
كېيىن ئۆتسەڭ يول تايغاق.

ئۆتكەن ۋاقىت — ئۆچكەن ئوت.

ئۆلگەندىن كېيىن «ياسىن» نىڭ نېمە پايدىسى.

ئۇجمە تۆگىگەندە سوپىسوپىياڭ كەپتۇ.

ۋاقتىڭ كەتتى — بەختىڭ كەتتى.

ۋاقتى ئۆتكەندە قىلىچىڭنى پوققا چاپ.

ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەت.

ئىسىڭ باردا ئىتەك ياپ.

ئىلگىرى باغدادتىن كەلسە،
ھازىر قازناقتىن چىقار.

ياخشى كەلسە هوت،
يامان كەلسە جۇت.

ياخشى كۈن — جەننەت،
يامان كۈن — دوزاخ.

يازدا چاناڭنى تەييارلا،
قىشتا هارۋاڭنى.

يازدا يېپىنچاڭنى ئېلىپ يۈر،
قىشتا ئوزۇقۇڭنى.

يازدا يېيىل، قىشتا قىسىل.

ياز — دۆلەت، قىش — مەينەت.

يازنىڭ تېزىكى قىشقا دورا.

يازنىڭ كېلىشىنى باهاردىن بىل.

ياغمىغان يامغۇرغا چەكمەن يېپىنما.

يامغۇردا يەپ يات،
بوراندا دۈم يات.

يامغۇر ياغدى — ياغ ياغدى،
قار ياغدى — نان ياغدى.

يېرىم كۈننىڭ يېنىشى يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# راستچىللىق، يالغانچىلىق ۋە ھىيلە ـ مىكىر توغرىسىدا

ئات ئايلىنىپ قازىقىنى تاپار،
يول سارىنىپ قىشىنى تاپار.

ئادەمنى گەپ بىلەن ئالدايدۇ،
قۇشنى يەم بىلەن.

ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە،
ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا.

ئادەمنىڭ توغرىسى ياخشى،
ئورغاقنىڭ ئەگرىسى.

ئادىل ئادەمنىڭ قولى تارازا.

ئاغرىقنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارە.

ئاق بولسۇن، پاك بولسۇن.

ئالدامچىنىڭ گېپى چىرايلىق،
سىم قامچىنىڭ سېپى (چىرايلىق).

ئەر كىشى ــ تۆگىلۈك ياپقۇچ.

ئەگرى كۆڭۈلدە ئەگمە تولا.

ئەگرى كىشى ئازار،
توغرا كىشى ئوزار.

ئەگرىنىڭ سايىسىمۇ ئەگرى.

بېشىڭغا قىلىچ كەلسىمۇ راست گەپ قىل.

بېلىق سازاڭغا، كەكلىك دانغا ئالدىنار.

پاكىت ئالدىدا پىل ئوسۇرۇپتۇ.

پوقنى ئوسۇرۇق بىلەن ياپقىلى بولماس.

توغرا ئادەم سايىسىنىڭ ئەگرىلىكىدىن قورقماس.

توغرا سۆز تاشنى يارار،
ئەگرى سۆز باشنى (يارار).

توغرا سۆزنىڭ توقمىقى بار.

توغرا ئېيتقان توغقىنىغا يارىماس.

تۇرغان تامغا ئۇسسەڭ بېشىڭ يېرىلار.

تۆھمەت تاشنى يارىدۇ،
بايقىمىساڭ باشنى يارىدۇ.

تۆھمەتخور تىرناق ئارىسىدىن كىر ئىزدەر.

تۆھمەتنىڭ يۈزى يوق.

تۆھمەتنىڭگە تۆھمەت قىلاي،
تۆھمەتنىڭ ھەيران قالسۇن.

تۈلكە بۆرىنى ئالداپتۇ.

خوتۇن كىشىنىڭ ھىيلىسى قىرىق ئېشەككە يۈك.

دەججالنىڭ توقۇمى پۈتمەس.

دەللالنىڭ دەسمايىسى يالغانچىلىق.

راستلىقى ئاز كىشىنىڭ دوستلۇقى ئاز.

راستنى كۆرسە، يالغان قاچىدۇ،
يولۋاسنى كۆرسە تايغان (قاچىدۇ).

رەمچىنىڭ رېمىدىن ئۆزۈڭنىڭ خىيالى دۇرۇس.

سادىق دەپ ئىسىم قويسا،
تۈلكە دەپ لەقەم ئالدى.

قارغا ئۆلۈك كۆمگىلى بولماس.

قاشقا سانىساڭ كۆزگە،
كىشىگە سانىساڭ ئۆزىگە.

قەسەمخورنىڭ ئۆمرى قىسقا.

قورساق گول، ئېغىز هارامزادە.

قول يەتمىگەن شاپتۇل ئاچچىق.

قۇرۇق چاقماقتىن ئوت چىقىرىپتۇ.

قۇۋلۇقتىن شۇملۇق تۇغۇلار.

قۇيرۇق كۆرستىپ، ئۆپكە سېتىپتۇ.

قېيىنئاتىسىنى كۆرسە، كەتمەن چاپار.

قىزنىڭنى ئالغۇچە قىرنىڭدىن ئۆتەي،
ئالغاندىن كېيىن جېنىڭدىن ئۆتەي.

قىڭغىر ئىش قىرىق يىلدىن كېيىنمۇ بىلىنەر.

كۆرگەن ئاڭلىغاننى يېڭىپتۇ.

كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭمۇ،
قۇلاق ئاڭلىغان يالغان.

كۆڭنى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولماس.

گەپ ـ سۆز قەغەزدە،
كەپتەر پەغەزدە[①].

گېپىدە تۇرمىغان ئەر ئەمەس.

لايدىن ياسىغان خام كوزا سۇغا چۈشسە ساق چىقماس.

لولى قولدىن ئالىدۇ، ئوغرى يولدىن.

مەن سۆرىگەن بولاي،
سەن داقىرىغان بول.
مەن ئۇرغان بولاي،
سەن ۋارقىرىغان بول.

مۈشۈك گۆشكە بويى يەتمىسە، روزا تۇتتۇم دەر.

مېڭىشى ئۆزگەرگەن بىلەن،
مېڭىسى ئۆزگەرمىگەن.

هارام هارامغا كېتەر،
هالالنى زايا ئېتەر.

هالاللىقنىڭ يولى بىر،
هاراملىقنىڭ يولى مىڭ.

ھەسەلنىڭ قىلىنى ئىلغايدۇ،
پاختەكنى يۇڭدىماي يەيدۇ.

① پەغەز ـــ ئۆگزە ئۈستىدىكى كەپتەر قونىدىغان ئېگىز قونداق.

ھەق سۆز — ئاچچىق سۆز.

ھەقنىڭ رىزقى نەق.

ھىيلە قىلغان تۇتۇلار،
تو ۋا قىلغان قۇتۇلار.

ھىيلىدىن ھالۋا ياساپتۇ.

ھىيلىگەر بۆكۈڭگە چىگدە سالار.

ھىيلىگەر دەرياغا ئاپىرىپ سۇغارماي ئەكىلىدۇ.

ھىيلىگەردىن توخۇم ئالساڭ، ئىچىدىن سېرىقى چىقماس.

ھىيلىگەر سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ يۈگۈرتىدۇ.

ھىيلىلىك ئىشتا خەير يوق.

ئوسۇرغاققا ئارپا نېنى باھانە.

ئۇسسۇل ئوينىيالمىغان قىزغا ئۆينىڭ تارلىقى باھانە.

ئۆپكىسىنى ئىچىدىن قېقىپتۇ.

ئۆزۈم يالغانچى ئەمەس،
يارىقىم يالغانچى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆيۈڭگە يولاتما قېرى دەللىنى،
كىرىپ ـ چىقىپ بۇزىدۇ پەللىنى.

ئېشىكىم كۆۋرۈكتىن ئۆتكۈچە نەزىر.

ئېغىزدا بار، ئەمەلدە يوق.

ئىتمۇ ھەپتە يالغان قاۋايدۇ.

ئىچىدە روزا تۇتۇپ، تېشىدا ھېيت ئويناپتۇ.

ياغاچ قازاندا ئاش بىر پىشار، ئىككى پىشماس.

يالغانچىلىقتىن گاچىلىق ياخشى.

يالغانچىنى سۆزىدىن بىل،
سۆزىدىن بىلەلمىسەڭ، كۆزىدىن بىل.

يالغانچىنىڭ ئەتىسى تۈگىمەس،
قەسەم بىلەن ۋەدىسى (تۈگىمەس).

يالغانچىنىڭ چىرايلىق سۆزىدىن،
گاچىنىڭ گۇڭگىرىشى ياخشى.

يالغانچىنىڭ راست سۆزىمۇ يالغان.

يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام.

يالغانچىنىڭ گۇۋاھچىسى تەييار.

يالغانچىنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرسىمۇ ھېچكىم ئىشەنمەس.

يالغانچىنىڭ يالغىنى تولا،
بەرگىنىدىن ئالغىنى تولا.

يالغانچىنىڭ يالغىنى چىققۇچە قوغلاش.

يالغانچى ئۆلۈكنىمۇ گۇۋاھلىققا تارتىدۇ.

يالغانچى يالجىماس،
ئوغرى بېيىماس.

يالغان گەپ چاپسان تارقىلار.

يالغان گۇۋاھچى قاتىلدىن يامان.

يالغان ئېيتساڭ تۇتۇلىسەن،
راست ئېيتساڭ قۇتۇلىسەن.

يول بۇياققا، ھارۋا ئۇياققا.

يۇتكەن پىچاقنىڭ سېپى ئالتۇن.

يۈز ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا.

# كەمتەرلىك، تەكەببۇرلۇق ۋە ماختانچاقلىق توغرىسىدا

ئاتتىن چۈشسە، ئۈزەڭگىدىن چۈشمەس.

ئات مىنىپ ئاتامغا باقمىدىم.

ئاز سۆزلۈك ئىنەك كۆپ مۆرەيدۇ.

ئاسمانغا تۈكۈرسەڭ، يۈزۈڭگە چۈشەر.

ئاشنى سىڭگەندە ماختا،
خوتۇننى ئۆلگەندە.

ئالتە تەڭگەم بار، ئات ئالىمەن،
يەتتە تەڭگەم بار، نار ئالىمەن.

ئاي توشمىغۇچە ئىتىڭنى ماختىما،
يىل توشمىغۇچە قۇداڭنى (ماختىما).

بار ماختىنىسا ئىچىلىدۇ،
يوق ماختانسا چىچىلىدۇ.

بار ـ يوقنى بىلمەيدۇ،
ھەسەل تارتىدۇ كۆڭلۇم.

بەرسە يېمەس، تاپسا قويماس.

بەڭگە بوۋىسىنى ماختايدۇ،
موزدۇز كوۋىسىنى.

بۇقىنى ھۆركىرەتكەن ئىككى تېشى،

بىر مىسقال دۆلەتنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن،
مىڭ مىسقال تەمكىنلىك كېرەك.

پاقا ئۆكۈز بىلەن تەڭ بولىمەن دەپ، يېرىلىپ كېتىپتۇ.

پۈتكەن ئىشقا ئىگە تولا،
ئۈرۈشتىن كېيىن باتۇر (تولا).

پىيالىگە ئىگىلمەيدىغان چەينەك يوق.

تاۋار داستىخان، قۇرۇق ئۇستىخان.

توكۇر ئاتقا تۆمۈر تاقا،
ئەسكى چاپانغا سۇلەيسۇن ياقا.

تۆشۈك يىرتىقتىن كۇلەر،
چۆمۈچ قازاندىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تىزلەشكەننىڭ تىزىنى پۇك،
بەللەشكەننىڭ بېلىنى (پۇك).

تىلدىن كەلگەن قولدىن كەلسە، ھەركىم پادىشاھ بولار.

جاھانغا پاتمىغان سەركەم،
قازانغا قانداق پاتقانسەن!

چوڭ بولساڭ، كىچىك بول.

خورىكى چوڭنىڭ تۆمشۇقى ئىلمەك.

دۇمباقنىڭ ئاۋازى يوغان، ئىچى قۇرۇق،
ماختانچاقنىڭ گېپى يوغان، مېغىزى يوق.

دىمىقى ئۈستۈن ئازگالدا ئۆلەر.

زاغراڭنى يەپ، ناغراڭنى چال.

سانىسىزغا سان تەگدى،
ئىشتانسىزغا ھال.

سەللە يوغان، باش كىچىك،
داستىخان يوغان، نان كىچىك.

سەللە يوغان، ئىمان يوق،
دەرۋازا يوغان، بىر نان يوق.

سېمىزلىك ھايۋانغا يارىشار،
كاۋا، قاپاق باراڭغا.

شاھتەك گاداي بار،
گادايدەك شاھ (بار).

شەھەرمۇ شەھەر باش كۆتۈرگەن،
پوچوق تاۋاقتا ئاش كۆتۈرگەن.

قازاندىن چۆمۈچ چوڭ.

قازىنىڭنىڭ قاينىشىغا باق،
بالاڭنىڭ ئوينىشىغا.

كەڭ ئېرىقتىن ئاتلىما،
پۇتۇم قايرىلدى دېمە.

كەلىمە تەيىننى ياراتماي ئىمانسىز قاپتۇ،
چىبەرقۇتنى ياراتماي ئىشتانسىز قاپتۇ.

كەمتەر بولساڭ ئوزارسەن،
مەغرۇرلانساڭ غولارسەن.

كەمتەر كامال تاپار،
ھاكاۋۇر زاۋال (تاپار).

كۆپ مىياڭلىغان مۇشۇك چاشقان تۇتالماس.

كۆلەلمىگەن هالىڭغا ھىجايما.

كۆتدۈزى مەندەك ئەر يوق،
كېچىسى ياتىدىغان يەر يوق.

كىچىك پېئىل بولساڭ، كىچىكلەپ كەتمەيسەن.

كىرپە تىكىنى بىلەن ماختىنار.

لاپ ئۇرغىلى يات يەر ياخشى.

لاۋا ـ لاتقا ئەخلەتنىڭ ئىشى،
تەكەببۇرلۇق ئەخمەقنىڭ ئىشى.

ماختانچاق ــ بىكارچىغا ئويۇنچۇق.

ماختىغاننىڭ ئۆيىگە بارما،
كېرىلگەننىڭ تويىغا (بارما).

ماختىغان قىز مالىخايغا چىچىپتۇ.

مەغرۇر قوشۇن مەغلۇب بولار.

مەن كۆتۈمنى ياراتماي باسۇرۇپ ئولتۇرىمەن،
كۆتۈم مېنى ياراتماي ئوسۇرۇپ ئولتۇرىدۇ.

مەنمەنلىك ــ شەيتانلىق.

موزاي قوزۇقتا چوڭلۇق قىلار.

مېۋىلىك دەرەخنىڭ بېشى تۆۋەن.

نەزىرى ئۈستۈن، نەرخى تۆۋەن.

ھارۋىنى ئات تارتىدۇ،
كۆلەڭگىسىنى ئىت (تارتىدۇ).

ھالغا بېقىپ ھەشەم،
داپقا بېقىپ سەنەم.

ھالىڭغا بېقىپ ھال تارت،
خالتاڭغا بېقىپ ئۇن تارت.

ھەيدىگىنىڭ ئالتە ئۆچكە،
ئۇشت ـ ئۇشتىڭ ئالەمنى ئالدى.

ئورۇق قوينىڭ مايىقى چوڭ.

ئورۇق ئۇيغا يوغان مۇڭگۇز.

ئۇماچ ئىچىپ، چىش كولاپتۇ،
قوشۇق يالاپ بۇرۇت مايلاپتۇ.

ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ،
باشقىنى شىر چاغلا.

ئۆزۈڭنى چاغلا، بىلىڭنى باغلا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆزۈمنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپتىمەن،
پالاسقا يۆگىنىپ ھەپتە يېتىپتىمەن.

ئۆزىدىن خورىكى چوڭ.

ئۆزىنى ماختىغان بىرىنچى ئەخمەق،
خوتۇنىنى ماختىغان ئىككىنچى ئەخمەق.

ئۆيۈمدە بىر نان يوق، ئېتىم مارجان بوۋى.

ئېتى ئۇلۇغ، سۇپرىسى قۇرۇق.

ئېشەكنى ياراتمايسىز،
ئېشەكچە بولالمايسىز.

ئېگىلگەنگە ئېگىل بېشىڭ يەرگە يەتكۈچە،
غادايغانغا غاداي بېشىڭ كۆككە يەتكۈچە.

ئېگىلمىگەنگە ئېگىشمە.

ئىت يېتىش، مىرزا قوپۇش.

ئىسمىنى ئاتىسا يۈزى تاتىرار،
مەنسىپىنى ئاتىسا جېنى ياشىرار.

ئىشتانسىز ئىشتىنى يىرتىقتىن كۈلۈپتۇ.

ئىككى نان تاپسا، بىرىنى داپ چالىدۇ.

يوتقانغا بېقىپ پۇت ئۇزات.

يوغان تېرەك ـــ پور تېرەك،
كىچىك تېرەك ـــ چىڭ تېرەك.

يوقالغان نەرسىنىڭ ماختىشى كەم.

يوق چاغدا يوغان گەپ.

يېنىدا بىر پۇلى يوق،
تۆگىنىڭ چىشىنى ساناپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# هوشيارلىق، ئېھتىياتچانلىق ۋە بىپەرۋالىق توغرىسىدا

ئاپەت كۆرمەي دېسەڭ، ھوشيار بول.

ئارسلاندەك كۈچلۈك بولسۇن،
تايغاندەك ھوشۇڭ (بولسۇن).

ئاسمان بىسۇۋالسا، ئاستىدا يېتىپ مانتا يەر.

ئالدىڭغا بىر قارىساڭ،
كەينىڭگە ئىككى قارا.

ئەر يىقىلىپ قولغا چۈشەر،
قۇش يىقىلىپ تورغا.

ئەگرى تاياقنىڭ ئۇچى بۇرنۇڭنى يارار.

ئەلگەككە چىقىپ ئەرگە تېگىپتۇ.

باسقان ئىزىڭنى بىلىپ باس،
ئالدى ـ ئارقاڭنى كۆرۈپ باس.

باش كەتسە كەتسۇن، سىر كەتمىسۇن.

بالا ـ قازا دەرەخ بىشىدا ئەمەس، ئادەم قېشىدا.

بالا ـ قازا قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا.

بالا ـ قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس،
پۇت ـ قولىنى ساڭگىلىتىپ (كەلمەس).

بالام بېشىغا چۈشمىسۇن تاختا بېشىدىكى كەكە.

بۆرە يۇڭىنى پاخپايتىپ، ئورۇقلۇقىنى بىلىندۇرمەس.

بۆرىنىڭ خىرىس قىلغىنىدىن،
تۈلكىنىڭ ھىجايغىنى يامان.

بۇركۇت ئۆمرىدە بىر قېتىم ئازار.

بۇگۇن ئۆتسە ئەتىگە خۇدا پادىشاھ.

بىر سىرلىق بول، سەككىز قىرلىق بول.

پۇل ـ مال كېتەر بوشلۇقتىن،
پۇرسەت كېتەر خۇشلۇقتىن.

تادان توشقاننىڭ ئۇۋىسى ئۇچ.

تادان تۈلكە تومشۇقىدىن ئىلىنار.

تام ياقىلىساڭ تام باسار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تاياق تەگكۈچە بېشىڭنى تارت.

تەييارلىق بار يەردە بالا ـ قازا يوق.

تولا كۈلگەندىن پەخەس بول.

تۆت پۇتلۇق ئاتمۇ پۇتلىشىپ يىقىلار.

تۆگىنىڭ مازار بىلەن ئىشى يوق.

چاڭگال ئارقىسىدىكى كۆرۈنەر،
بۇرۇن ئاستىدىكى كۆرۈنمەس.

جاھاننى سەل باسسا،
بىغەمنى ئۇيقۇ بېسىپتۇ.

جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا.

خۇشال بولغاندا كۆزگە پالاكەت كۆرۈنمەس.

دەريا تېشىپ كەتسە، ئۆردەكنىڭ نېمە ئىشى!

ساقلىقتا خورلۇق يوق.

سەركە هوشيار بولسا، مالغا ئاپەت كەلمەس.

سۈت ئىچىپ ئاغزى كۆيگەن،
قېتىقنىمۇ پۈۋلەپ ئىچەر.

شەھەردە كۆز كېرەك،
جاڭگالدا قۇلاق.

شەيتاندىن ئادەم شەيتىنى يامان.

غەمسىزنىڭ پەرۋايى پەلەك.

قاتتىق ياغاچنى يۇمشاق قۇرت يەيدۇ.

قارىغۇ هاسىسىنى بىر قېتىم يوقىتار.

قاشا مەهكەم بولسا تۈلكە كىرەلمەس.

قاغا تۆت قاراپ، بىر چوقۇيدۇ.

قويچى كېچىك ئىزدىگۈچە،
تۆگىچى سۇدىن ئۆتۈپ بولار.

قۇمۇشنى قىيا تۇتساڭ، قولۇڭنى كېسەر.

قۇش قېرىپ تورغا چۈشمەس،
ئەر قېرىپ قولغا (چۈشمەس).

قېرى قۇشقاچ كېپەككە ئالدانماس.

قىيسىقىقا كەمسىتىپ قارىما، كۆزۈڭگە قادىلار.

كوزا كۈندە سۇنماس، كۈنىدە سۇنار.

كۆزگە ئىلمىغان پۇتقا چوماق.

كۆزى مىدىرلىغاندىن قورق.

كۆندۈزى گەپ قىلساڭ، ئەتراپىڭغا باق،
كېچىسى گەپ قىلساڭ، قۇلاقنى قۇلاققا ياق.

كىچىككىنە تاش يارىدۇ باش.

كىشلەر ھاڭۋاقمايدۇ، سىنىڭ ئىزىڭغا باقىدۇ.

لايغا ئۆتمىگەن پىچاق قولغا ئۆتەر.

ھارۋا بۇرۇلۇشتىن ئاۋۋال غىچىرلايدۇ.

ئوت بىلەن ئويناشما.

ئويغاقنى زورلاپ ئۇخلاتقىلى بولماس.

ئويلىمىغان يەردىن تۈلكە چىقار.

ئۇ يانغا باق، بۇ يانغا باق،
ئەتىگەن تۇرۇپ قوشناڭغا باق.

ئۆتمەس پىچاق قول كېسەر.

ئۆردەك گۆشى يېسەڭ، ئۇنىڭ پېيىدە بول.

ئۆزۈڭنى مەھكەم تۇت،
قوشناڭنى ئوغرى تۇتما.

ئېشەك ئۆلسە كۆتى غىجەك چاپتۇ.

ئىتنىڭ كۆڭلى سۆڭەكتە.

ئىت يەپتۇ چورۇقنى،
ئۆزى يۈرۈپتۇ چورۇقسىز.

ئىت يېنىدا سۆڭەك ياتماس،
سۆڭەك ياتسا، بىكار ياتماس.

ئىچ سىرىڭنى ئاتاڭغا ئېيتما.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئىقتىسادچىللىق ۋە ئىسراپچىلىق توغرىسىدا

ئات ئايىغان ئات مىنەر،
كىيىم ئايىغان تون كىيەر.

ئات تاپقۇچە ئېشەك مىن.

ئاز بولسا ساز بولار،
كۆپ بولسا ماز (بولار).

ئاز بولسۇن، ساز بولسۇن.

ئازغا بەرىكەت قونغان.

ئاز يېگەن كۈندە يەر،
جىق يېگەن نېمە يەر!؟

ئاسرىساڭ كۈندە يېڭى كىيىم،
ئاسرىمىساڭ ساڭا قېنى كىيىم.

ئاسقىدا گۆش بولسا، بىر كۈنى مېھمانغا يارار.

ئاشنى بۇزۇپ ئۇماچ قىلدى،
نانىنى بۇزۇپ كۆمەچ (قىلدى).

ئاش قەدرىنى بىلمىسەڭ،
ئاچلىق بەرسۇن جازاڭنى.

ئالتە ئۆچكىگە يەتتە تېكە.

ئايساڭ ئۇتىسەن،
يامساڭ يۇتىسەن.

ئەسكىنى ئەپلىگۈچە ئېسىڭ كېتەر.

بار چاغدا ھەپىرەڭ،
يوق چاغدا زەپىرەڭ.

باردا پولدۇرۇڭ ـ پولدۇرۇڭ،
يوقتا قاراپ ئولتۇرۇڭ.

بار دەپ تۆكمە،
يوق دەپ كۆپمە.

بۇزغىنىنىڭ سانى يوق،
تۈزگىنىنىڭ تايىنى (يوق).

بىر تال باش — بىر قوشۇق ئاش.

پادىچى ئىككى بولسا، ئارىدا توقلا ئۆلەر.

پۇرۇچتىن پوستەك پۇتەر.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

تاغارنى تۆۋىدە ئىيغىچە ئاغزىدا ئايا.

تاما ـ تاما كۆل تولار.

تۇتۇنى كۆپ، يالقۇنى ئاز.

جېنى ئاغرىمىغاننىڭ يېنى ئاغرىماس.

ساقلىساڭ يۈز كۈنلۈك،
ساقلىمىساڭ بىر كۈنلۈك.

سانى بار، ساپاسى يوق.

سۇ قاتتىق يەردە توختايدۇ.

كونىنى ياماپ كىي،
يېڭىنى ئاياپ (كىي).

كۆپ بولسا، چۆپ بولار.

كۆپ بولسا كېتەر،
ئاز بولسا يېتەر.

كېرەكسىز نەرسە ئەرزان بولسىمۇ قىممەت.

كېرەكلىك تاشنىڭ ئېغىرى يوق.

مۈشۈكى ياخشى ئۆينىڭ تاغىرى ساق.

ئوتۇن يىغدىڭ ــ كۆل يىغدىڭ.
ئوت - چۆپ يىغدىڭ ــ پۇل يىغدىڭ.

ئوسمايلامنىڭ ئون كۆڭلىكى بار،
بىر كۆڭلەكچىلىك ۋەسلى يوق.

ئويۇپ يېسەڭ ئون كۈن يېتەر،
قىرىپ يېسەڭ قىرىق كۈن.

ۋەجىڭگە بېقىپ خەجىڭ بولسۇن،

ــ ئىسراپچىلىق نەدە؟
ــ پىشانىسى تەرلىمىگەن يەردە.

ئىسراپ قىلىش ــ خاراپ قىلىش.

ئىككى يارتا ــ بىر پۈتۈن.

يامىساڭ يېڭى بولار،
يېڭىنىڭ تېڭى بولار،

ياندا قويساڭ، ئوتتۇز تەڭگەڭ توققۇز بولار،
بانكىدا قويساڭ توققۇز تەڭگەڭ ئوتتۇز بولار.

يەپ نېمەڭ قالدى، ئىككى تال ئۈجمەڭ.

يېڭىنى ئايىغان كونا،
كىگىزنى ئايىغان بورا.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

# ئار ـ نوموس توغرىسىدا

ئابدالدا ئۇيات يوق،
كېپەكتە قۇۋۋەت (يوق).

ئاتىنىڭ تەپكىنى ھار ئەمەس،
ئېشەكنىڭ تەپكىنى ھار.

ئادەمنى نوموس ئۆلتۈرەر،
توشقاننى قوموش.

ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق،
ئۆلەي دېسەم جان تاتلىق.

ئاغرىقنى بوس ئۆلتۈرەر،
يىگىتنى نوموس.

ئاغزى مايلانغاننىڭ تىلى باغلىنار.

ئەرنىڭ سۆزى ئۆلگۈچە ئۆزى ئۆلسۇن.

ئەرنىڭ ئۇيالغىنى ــــ ئۆلگىنى.

دەشنام يېگىنىم ــــ بەش نان يېگىنىم.

شەھەر ئالىمەن دەپ شەرمەندە بولۇپتۇ.

كىشىدىن ھايا كەتسە، ئورنىغا بالا كېلەر.

كىشىدىن ئۇيالغۇچە، ئۆزۈڭدىن ئۇيال.

كىشىگە قىلغان ئىزا —
خانۇماندىن بىزار.

ھاقارەتلىك تۇرمۇشتىن،
ساداقەتلىك ئۆلۈم ياخشى.

ھايالىق كىشى — باھالىق كىشى.

ئۇيات تۇرغان يەردە ئىمان تۇرار.

ئۇياتسىز خوتۇن — تۇزسىز ئاش.

ئۇياتسىز مۈشۈككە قازناقنىڭ ئىشىكى ئوچۇق.

ئۇياتسىزنىڭ يۈزى قىزارماس،
تەسكەينىڭ مېۋىسى (قىزارماس).

ئۇيات — ئۆلۈمدىن قاتتىق.

ئۇيقۇدا ئۇيات يوق.

ئۆلۈشتىن قورقما،
ئۆلەرمەن بولۇپ ياشاشتىن قورق.

ئېگىز تاغدا قار بولۇر،
مەرد يىگىتتە ئار بولۇر.

ئىتنىڭ چىشلىگىنى ھارمۇ،
ئېشەكنىڭ تەپكىنىمۇ؟

ئىزا تارتقىنىم ــ غىزا تارتقىنىم.

يامان ئاتاق بىلەن يۈرگەندىن،
ياخشى ئاتاق بىلەن ئۆلگەن خوپ.

يۈزۈم قېلىن، كۆڭلۈم نازۇك.

يۈزۈمنىڭ قېلىنلىقى ــ جېنىمنىڭ راھىتى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# سەۋر ـ تاقەت ۋە ئالدىراڭغۇلۇق توغرىسىدا

ئات سەكرىگىچە، ئېگەر سەكرەپتۇ.

ئاچچىقنىڭ دورىسى سۈكۈت.

ئاچچىقىڭ كەلسە، بارمىقىڭنى چىشلە.

ئاچچىق يۇتماق ــ تاغ يۇتماق.

ئادەمنىڭ ئادەملىكى ئاچچىقى كەلگەندە بىلىنەر.

ئاغزى كۆيگەن «پۇ» دەپ ئىچەر.

ئالدىراشنىڭ تۇۋى ئۆكۈنۈش.

ئالدىراڭغۇلۇق ئادەم ئۆلتۇرەر.

ئالدىرىساڭ كىشى كۇلدۇرىسەن.

ئالدىرىساڭ ماڭا باق.

ئالدىرىغاندا ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپتۇ.

ئالدىرىغاندا بىر دەم تۇرۇۋال.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالدىرىغاندا دۆڭگە مۆكۈپتۇ.

ئالدىرىغاندا قارىغۇدىن يول سوراپتۇ.

ئالدىرىغاندا قولىدىكىنى ئىزدەپتۇ.

ئالدىرىغاندا لەببەي تېپىلماس.

ئالدىرىغاندا ناخشا ئېيتقان.

ئالدىرىغاندا ئېرى خوتۇنىغا تەزىم قىلىپتۇ.

ئالدىرىغاندا ئېشىكى يېتىۋاپتۇ.

ئالدىرىغانغا بىر، ئالدىرىمىغانغا ئىككى.

ئالدىرىغان قىز ئەر تاللىماس.

ئالدىرىغان قىز ئەردە يالچىماس.

ئالدىرىغان مۇرادىغا يەتمەس.

ئالدىرىغاننىڭ ئايىغى كۆيەر.

ئالدىرىغاننىڭ بۇرنى قانار.
ئالدىرىمىغان لەززەت ئالار.

ئالدىرىغاننىڭ تاپىنى قىچىشار.

ئالدىرىغاننىڭ ئۇشۇقى تېيىپتۇ.

ئالدىرىغان ئۆردەك كەينىچە چۆمۈلەر.

ئالدىرىغان ئىت تامغا سەكرەر.

ئالدىرىغان ئىشقا شەيتان ئارىلىشار.

ئالدىرىغان يولدا قالار،
ماڭگىلىغان [1] ئۆيگە بارار.

ئالدىرىماڭ ئاستا كېلەر،
تېگىرقىماڭ تاڭلار كېلەر.

ئالدىرىماڭ، يارەي.
سىزگىمۇ بىر كۈن بارەي.

ئالمىغان ئاتقا ئۇقۇر ساپتۇ.

ئاۋايلىماي ئۇرۇۋۇدىم،
ئاغرىماي ئۆلۈپ قالدى.

ئايدا يېگەن توق، كۈندە يېگەن ئاچ.

ئەتىگەندە كۆچەت تىكىپ،
كەچتە سايىسىنى ئىزدەپتۇ.

ئەستا — پاختا، نوغۇچ — تاختا.
ساقىلىم چىقسۇن، خەپ توختا!

① ماڭگىلىغان — ئالدىرىمىغان دېگەن مەنىدە.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بار بولسا تۈرالمايدۇ،
يوق بولسا چىدالمايدۇ.

بارمايمەن دېگەن تۆگمەنگە يەتتە قېتىم بېرىپتۇ.

بەش بارماق ئېغىزغا سىغماس.

بۇ ئالەم — ئۆزۈن ئالەم.

بۈگۈنكى ئاچچىقنى ئەتىگە قوي.

بىر كۈن ئالدىرىغاندىن قىرىق كۈن ئەقىل سورىما.

پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سېپتۇ.

پىشمىغان تويغا قازان ئاسقىلى بولماس.

پۈتقان يەردىن ياغاچ سۇنماس.

تېز كەتكەن تېز توختار.

تىلىنى چىشلىۋالغان چىشىنى يۇلۇۋەتمەس.

چۆجىنى كۈزدە ساناڭ.

چۆچۈرىنى خام ساناپتۇ.

چىققان كۆز ئورنىغا چۈشمەس.

سانىماي سەككىز دېمە.

سەۋرى قىلساڭ، غورىدىن ھاۋال پۈتەر.

سەۋر قىلغان مۇرادىغا يېتەر.

سەۋرنىڭ تۈۋى سېرىق ئالتۇن.

سەۋر — ئەقىلنىڭ بەلگىسى.

سۇنى كۆرمەي ئۆتۈك سالما.

شەيتىنىڭغا ھاي بەر.

قازاغا رىزا، بالاغا سەۋر.

قانائەتلىك قورساق تويغۇزار،
بىتاقەتلىك كالا سويغۇزار.

قىز تەرەپتىن خەۋەر يوق،
ئوغۇل تەرەپ دۇمباق چاپتۇ.

كۆتۈرەر كۆتۈرەر، ئۈچ كۆتۈرەر.
ئۈچتىن ئاشسا كىم كۆتۈرەر!؟

مۇسۇلمانچىلىق ئاستا ـ ئاستا.

مۇشت تەگلىگۈچە مەيدىسىنى چىقىرىپتۇ.

ھە دېسە ھۆ دەپتىمەن،
قورۇق دۈمباققا ئىگە بوپتىمەن.

ئوڭ قولۇڭنىڭ ئاچچىقى كەلسە،
سول قولۇڭ بىلەن تۇتۇۋال.

ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولماس.

ئېغىر بولسا خىزىر بولار.

ياز بار، قىش بار،
ئالدىرىماڭ، ئىش بار،

يۈگۈرگەن قالار،
بۇيرۇغان ئالار.



www.uyghurkitap.com

## ئارزۇ ـ ئۈمىد ۋە چىدام ـ غەيرەت توغرىسىدا

ئات كەينىگە مىنگەشمە،
مىنگەشكەندىن كېيىن ئىندىمە.

ئاتنىڭ تەپكىنىگە ئات چىدايدۇ.

ئادەمنى ئۈمىد ياشارتىدۇ، غەم قاقشىتىدۇ.

ئادەم ئۆلمەس، رىزقى تۈگىمەس.

ئارزۇدا ئەيىب يوق.

ئارمان كۆپ، دەرمان يوق.

ئالتۇن بېشىڭ ئامان بولسا،
ئالتۇن قاچىدا سۇ ئىچەرسەن.

ئەرنى ئۈمىدكە ياراتقان،
قوينى قۇربانلىققا.

بويۇن بولسا، بويۇنتۇرۇق تېپىلار.

بېشى باش بولسۇن،
پاقالچىقى تاش (بولسۇن).

بىر ئارزۇ ئون ئارزۇنى تۇغار.

بىر قارنىم ئاچتىن ئۆلمەس.

پىچىقىڭنى بىلەپ يۇر،
خۇدايىمدىن تىلەپ يۇر.

تامچە سۇ تاشنى تېشەر،

تاي ئاتقا يەتكۇزەر،
ئات مۇرادقا (يەتكۇزەر).

توشقان تېرىسى ئۇچ كۈن چىدار.

تۇغماس خوتۇن شۇمەك يىغىپتۇ.

تۇگمەنىنىڭ كويلىسىدىن پۇتۇن چىقىپتۇ.

تېكىنىڭ پودىقىغا قاراپ، بۆرە ئاچ قاپتۇ.

تىرىككە ئۆي تېپىلار،
ئۆلۈككە گۆر.

جان بولسا جاھان تېپىلار،
ئاش بولسا قازان.

جان تۆمشۇققا كەلگۈچە جان بەرمە.

چۈشلۈك ئۆمرۈڭ بولسا،
كەچلىك ئوزۇق تاپ.

چىدىغان بۆرە گۆش يەيدۇ،
چىدىمىغان بۆرە يۈڭ (يەيدۇ).

چىۋىن قونسا غىڭشىيسەن،
كالتەك تەگسە جىم.

سۇ ئاققان ئېرىقتا يەنە سۇ ئاقار.

غەيرەتلىك ئەردىن شىر قېچىپ قۇتۇلماس.

غەيرىتىڭ بولسا يۇلتۇز سانايسەن.

غولاچقا چىداپ، غېرىچقا چىدىماپتۇ.

قىرىققا چىدىغان قىرىق بىرگىمۇ چىدايدۇ.

قىيىن ئىش يوق ئالەمدە،
غەيرەت بولسا ئادەمدە.

كۆرگىنىڭدىن كۆپتۇر كۆرمىگىنىڭ،
كۆرمىگەننى كۆرسەن ئۆلمىگىنىڭ.

كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس.

كۆڭلۈڭنى بۇزما،
ئۈمىدىڭنى ئۈزمە.

كۆڭۈل شادلىقنى تىلەر،
ئېغىز تاتلىقنى.

كېتىمەن دەپ ئوتۇڭنى ئۆچۈرمە.

گۈلى بارنىڭ تىكىنى بار.

ھەرنىنىڭ چاققىنىغا چىدىغان ئادەم ھەسەل ئالىدۇ.

ھەركىمنىڭ نىيىتى ئۆزىگە ھەمراھ.

ھەرنىنىڭ ھەسىلىمۇ بار، زەھىرىمۇ بار.

ئوت بار يەردە تۈتۈن بار،
سۇ بار يەردە پېتىق.

ئوتتۇز كۈن روزىنىڭ بىر كۈن ھېيىتى بار.

ئوغۇل بالا ئوغا يەپ سىڭدۈرەر.

ئويۇننى چىدىغانغا چىقارغان.

ئۆچەر چىراغنىڭ يورۇقى پەس.

ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار.

ئۆمتۈلگەن ئەرگە دەريا ئوشۇقىغا كەلمەس.

ئۈمىدسىز ــ شەيتان.

ئىت: ئىگەم باي بولسا دېسە،
مۈشۈك: ئىگەم قارىغۇ بولسا دەر.

ياخشى تىلەككە يامان چېچەك.

يېمىسەڭمۇ ھەسەلنىڭ گېپىنى قىل.

يىغلىماقنىڭ كۈلمىكى بار.

# ئىززەت ـ ئابرۇي ۋە قەدىر ـ قىممەت توغرىسىدا

ئابرۇينى ئالتۇنغا ئال،
جاننى كېپەككە سات.

ئابرۇيۇڭنى ياشلىقىڭدىن ساقلا.

ئابرۇيۇم ئالا چاپان.

ئاتام تاپقان ـــ بىكار پۇل،
ئۆزۈم تاپقان ـــ شېكەر پۇل.

ئات ئورنىغا ئېشەك باغلىما.

ئاتىقى يوق ئەردىن خەشىكى يوق دۆڭ ياخشى.

ئاچ قالمىغۇچە ئاشنىڭ قەدرىنى بىلمەس،
پىيادە يۈرمىگۈچە ئاتنىڭ قەدرىنى بىلمەس.

ئاخىر مەن نېمە بولدۇم،
سېسىق كۆلنىڭ سۈيى بولدۇم.

ئادەمنىڭ ھۆرمىتى ئۆزىدە،
ئۈزۈكنىڭ قىممىتى كۆزىدە.

ئادەم ئۇلۇغ، يەر ئۇلۇغ.

ئاش قەدرىنى يېگەن بىلمەس، تاپقان بىلەر.

ئالتۇن چىققان يەر قەدىرلىك.

ئالتۇننىڭ پوقىمۇ پارقىرايدۇ.

ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلەر.

ئاۋۋال ئىززەت، ئاندىن زورلۇق.

ئەتلەس — سۇغا چۆكمەس.

ئەردە ئەر بار، يەردە يەر.

ئەر قەدرىنى ئەر بىلەر،
زەر قەدرىنى زەرگەر.

ئەر ئۆلسە ئېتى قالار،
ئات ئۆلسە ئېگىرى قالار.

ئەسكى بولسىمۇ ئۆزۈڭگە ياخشى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەلدە ئابرۇيۇڭ بولسا،
چۆلدە يۇكۇڭ قالماس.

باراڭغا چۈشكەن قاپاقنىڭ،
ئۆزىگە تۇشلۇق ھالى بار.

بېشىدا بارنىڭ قېشىدا بار.

بىر خار بولغان بىر ئەزىز بولماي قالماس،

پۇل بېرىپ يۇرت تالاش،
ئاش بېرىپ تۆر تالاش.

تاتلىقنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن ھالۋىغا تۇز سالار.

تاش چۈشكەن يېرىدە ئەزىز.

تۇتسا سېپى يوق،
قىچقارسا ئېتى (يوق).

تۆشۈك مۇنچاق يەردە ياتماس،
يەردە ياتسا، توپا باسماس.

تىرىك بولۇپ ساندا يوق،
ئۆلۈك بولۇپ گۆردە (يوق).

تىرىك تۆر تالىشار،
ئۆلۈك كۆر (تالىشار).

تىرىك ئىززەتكە تويماس،
ئۆلۈك دۇئاغا (تويماس).

تىرىكنى تېزەككە تېگىشكەن،
ئۆلۈكنى ئالتۇنغا.

چاپىنىغا قارىما، ئادىمىگە قارا.

چوڭ ئىززەت قىلسا،
كىچىك خىزمەت قىلار.

چۆلدە يۈرگەن دوغداق كۆل قەدرىنى بىلمەس،
كۆلدە يۈرگەن ئۆردەك چۆل قەدرىنى بىلمەس.

خورازنىڭ تاجىسى بولغۇچە،
تۆگىنىڭ قۇيرۇقى بول.

دانا قەدرىنى ئەخمەق بىلمەس،
ئاغرىق دەردىنى ساق (بىلمەس).

زەرنىڭ دوستى تولا،
زەرگەرنىڭ دۈشمىنى (تولا).

سۇنىڭ قەدرىنى قۇدۇق كولىغان بىلەر.

سۈتلۈك ئىنەك مەھەللىدىن ئاشماس.

سېرىق كۆرۈنگەننىڭ ھەممىسى ئالتۇن ئەمەس.

سېمىز قوينىڭ ئۆمرى قىسقا.

قارنىم ئۇچۇن يىغلىمايمەن،
قەدرىم ئۇچۇن يىغلايمەن.

قومۇش ئىكەن دەپ خارلىما،
يەرگە چۈشسە بورىيا.

قوي تۇغىدۇ بىرە ــ بىرە، يۇرىدۇ گىرە ــ گىرە،
ئىت تۇغىدۇ گىرە ــ گىرە، يۇرىدۇ بىرە ــ بىرە.

قۇش ئۆز ئۇۋىسىنى قەدىرلەيدۇ.

قىزىل ئالما سارغايماس.

كېيىن كەلگەن تۆرگە چىقىپتۇ.

كىشى تۇغۇلغان يېرىدە ئەزىز،
گۈل ئېچىلغان يېرىدە.

كىشىگە يېلىنساڭ، ئۆزۈڭنى خار قىلىسەن،
كىشىنى يېلىندۇرساڭ ۋابال قىلىسەن.

كىشىنىڭ ھۆرمىتى ئۆز قولىدا.

كىشىنىڭ ئېشىنى يېسەڭ تىلىڭ قىسقىرايدۇ.

گۆھەرنى تاشقا ئۇرما.

گۈلزاردا ئەتىرنىڭ قەدرى بولماس.

گۈل ئېچىلغان يېرىدە ئەزىز.

ھالۋىنى كۆپ يېسەڭ، زاڭ تېتىيدۇ.

ھەسەلنى كۆپ يېسەڭ ئەمەن تېتىيدۇ.

ھەمدەمدە بار، ھېسابدا يوق.

ھۆرمەت دوست بار يەردە،
بۇلبۇل گۈل بار يەردە.

ھۆرمەت قىلساڭ، ھۆرمەت كۆرىسەن.

ئوق ئاتما، كۆڭۈل ساتما.

ئۇستاز ئۇنتۇلماس،

ئۆزۈڭنى خار قىلىپ يۈرگۈچە تاغ ئارىلاپ يۈر.

ئۆزى تاپمىغان مالنىڭ قەدرى بولماس.

ئۆلۈشكە قاراپ كۆمۈش.

ئۆلۈكنى ئىت يېمەس،
تىرىكنى پىت (يېمەس).

ئېتىڭ ھارسا ئابرۇيۇڭ كېتەر،
قارنىڭ ئاچسا قەدرىڭ (كېتەر).

ئېرىقتىكى سۇنىڭ قەدرى يوق.

ئېزى ھەسەل، تولىسى بىمەسەل.

ئېسىلنىڭ ئوقۇرى ئېگىز.

ئېشەك بىلمەس تۆشەك قەدرىنى،
مۇشۇك بىلمەس سۆڭەك قەدرىنى.

ئىت بىلەن سايە تالىشىپتۇ،
مۇشۇك بىلەن تۆر.

ئىتتىن ئاشقانىنى پىت يېمەس.

ئىرغايدەك چىۋىق بار،
لاچىندەك يىگىت (بار).

ئىززەت تاپاي دېسەڭ خىزمەت قىل.

ئىززەت قىلساڭ ئىززەت كۆرىسەن،
چايناپ يېسەڭ لەززەت كۆرىسەن.

ئىززىتىنى بىلمىگەن ئەدىپىنى يەر.

ئىگىسى ئۆلسە، بىر كىشى يىغلاپتۇ،
ئېتى ئۆلسە، مىڭ كىشى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىناۋەت ئالتۇندىن قىممەت.

ياخشىنىڭ قەدرى ئۆلگەندە بىلىنەر،
يۇرتنىڭ قەدرى كۆچكەندە.

يامغۇرنىڭ قەدرىنى تاش بىلمەس.

ياندىكى كاسىپنىڭ قەدرى يوق.

يىراقتىن قارىسام ئەلدىن ئارتۇق،
يېقىندىن قارىسام ھاشىم تارتۇق.

# بەخت ـ تەلەي ۋە تەۋەككۇلچىلىك توغرىسىدا

ئاتامنىڭ ئۆلگىنى ئانامغا ياراشتى،
چەلپەكنى ئىتلار تالاشتى.

ئاداشقانغا ياماشقان.

ئارزۇلاپ تېرىغان چىلگىنىنىڭ باش بۇرنىنى ئىت يېدى.

ئاسماندىن تاۋا ياغسا، تۇمار قېپى تەگمەپتۇ.

ئالتۇن چىقىدۇ يەردىن،
بەخت كېلىدۇ تەردىن.

ئامەت كەلسە قوش كەپتۇ، بالا كەلمىسۇن.

ئامەت كەلسە، ئىشىك، تۈڭلۈكتىن كىرەر.

ئامەت كەلگەندە قاپمۇ تولىدۇ، خورجۇنمۇ.

ئامەتنىڭ شىشىسى تۆمۈرچىنىڭ سەندىلىنى سۇندۇرار.

ئامەت ئوڭدىن كەلسە،
تەلەي دۆڭدىن كېلەر.

ئەتە ئوڭمىغان كەچ ئوڭماس.

ئەر بېشىغا كۈن چۈشسە،
ئۆتۈك بىلەن سۇ كېچەر.

ئەرگە بىر نۆۋەت،
يەرگە بىر نۆۋەت.

ئەزمە ئويلانغۇچە،
تەۋەككۈلچى مەقسىتىگە يېتىپتۇ.

بار پۇلۇمنى ئوغرى ئالدى،
قالغىنىنى رەمچى.

بەخت تاقنى جۈپ قىلىدۇ،
قازا جۈپنى تاق قىلىدۇ.

بەختسىز قىز تېزەك تەرگىلى چىقسا،
كالىلار سۇغا تېزەكلەپتۇ.

— بەخت، نەگە بارىسەن؟
— دوقى ماڭلايغا.

بەختى بار تاپىدۇ،
بەختى يوق چاپىدۇ.

بولسا سۇلۇق، بولمىسا بىنەم.

بىتەلەي بۇغداي چاچسا، قىياق ئۈنەر.

بىتەلەي تالقان يېسە، قارنىدىن بوران چىقار.

بىتەلەيگە سۇ كەلسە، ئاللاكۇدىن[1] يار كېتىپتۇ.

بىر مۇدىرىگەن ئون مۇدىرەر.

پاقىنىڭ بەختىدىن شۇڭقارنىڭ شورلۇقى ياخشى.

پەلەككە ئالدىنىپ، خەمەكسىز قاپتۇ.

پېشكەل سۆزلەپ كەلمەس، كۆزلەپ كېلەر.

تاللاپ ـ تاللاپ تازغا ئۇچراپتۇ.

تەلەيدە بولۇڭ ـ بولۇڭ.

تەلەيلىكنىڭ خوتۇنى ئۆلەر،
تەلەيسىزنىڭ ئۆيى كۆيەر.

تەلەيلىكنىڭ مېھمىنى قوش.

تەلەيىنىڭ تىكىشى يوق.

① ئاللاكۇ ـــ قەشقەر كونىشەھەرنىڭ بىر يېزىسى.

تەۋەككۇلچىنىڭ بىر ناخشىسى ئارتۇق.

تەۋەككۇل دەرياسىغا سال كېمە.
خاھى ئاقسۇن، خاھى چۆكسۇن، غەم يېمە.

خۇدا بەرسە، پەيغەمبەر غىلىڭ قىلالماس.

خۇدا كۆزدىن ئايرىسىمۇ، ھاسىدىن ئايرىماس.

خۇدا ئۇرغاننى يۆلىگىلى بولماس.

دەرد كەلسە جۇپ، دۆلەت كەلسە تاق.

دوپپامنىڭ قۇندۇزىغا قارىما،
ماڭلىيىمنىڭ يۇلتۇزىغا قارا.

دۆلەت قۇشى قونسا چىۋىن بېشىغا،
سۇمۇرغ كېلەر كۇندە قېشىغا.

رەختى بارنىڭ بەختى يوق،
بەختى بارنىڭ رەختى يوق.

رەختىڭگە ئىشەنمە، بەختىڭگە ئىشەن.

سايدا تاش تېپىلماپتۇ،
ئاختامدا داڭگال.

قازا قاتراپ كەلمەس، بالا مۆڭرەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قازا ئىككى، ئۆلۈم بىر.

كالا ئۆلدى، چۆپى قالدى.

كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ؟

كۆلكە بىلەن يىغا قوشكېزەك.

مازاردىن ئامەت تىلىگۈچە،
توغراقتىن ئامۇت تىلە.

ماڭا كەلگەندە سايىنىڭ سۈيى توختاپ قاپتۇ.

مەن دوپپىچى بولسام، كىشلەر باشسىز تۇغۇلاتتى.

مەن قىلارمەن ئوتتۇز،
خۇدايىم بېرەر توققۇز.

مىلتىقسىز يۇرگەندە كېيىك ئۇچراپتۇ.

نۇر ئۈستىگە نۇر.

ئەجەپ كەلدى تېپىلىپ،
ئىلمىكىمگە سېپىلىپ.

ئوتتۇز كۈن روزا تۇتۇپ، پوقتا ئېغىز ئېچىپتۇ.

ئويلىمىغان كىشى بۇيرۇمىغان ئاشتىن ئىچەر.

ئۆلەر تورپاق ئۆلدى،
بار كېپەكنى يەپ ئۆلدى.

ئېپى كەلسە، سېپى ئۆزىدىن چىقىدۇ.

يا قايىنامدىن چىقسۇن، يا سايرامدىن.

يىقىلغان تام دۇۋاننى بېسىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ياشلىق ، قېرىلىق ۋە ئۆمۈر توغرىسىدا

ئاتمىشقا كىرگەن ئاتىدىن ئەقىل سورىما.

ئادەم ئەللىك يىلدا يېتىلىدۇ.
دەرەخ ئون يىلدا.

ئادەم قېرىسىمۇ ، كۆڭلى قېرىماس،
دەرەخ قېرىسىمۇ يىلتىزى (قېرىماس).

ئادەمنىڭ كىچىكى بولغۇچە،
ئىتنىڭ كۈچۈكى بول.

ئارمىنى يوق ياش بولماس،
ھەسرىتى يوق قېرى (بولماس).

ئالدىماققا كىچىك بالا ياخشى،
خۇدا ئۇرسۇن قاقباشنى.

ئەر قېرىسا قويغىنىنى بىلمەس،
خوتۇن قېرىسا تويغىنىنى (بىلمەس).

ئەر قېرىسا كۈچىدىن قالار،
خوتۇن قېرىسا ئېسىدىن.

ئەر قىرسا ئۆزىگە بىلىنەر،
خوتۇن قىرسا ئۆزگىگە.

ئەرگە تەگمىسىلا قىز دېمە،
ئەگرى بولمىسىلا تۈز (دېمە).

ئەر ئوتتۇز يېشىدا يېتىلەر،
ئات توققۇز يېشىدا.

ئەللىك ــ سەندىن كەتتى مەنلىك،
ئاتمىشتا ئاختا، يەتمىشتە توختا،
توقسان ــ قاتاردا يوق سەن.
يۈز ــ ئۆمىدنى ئۈز.

بالا بولسا شوخ بولسا،
شوخ بولمىسا يوق بولسا.

بالا قۇچاقتىكى چاغدا سۆيدۇرەر،
ئۆسكەن چاغدا كۆيدۇرەر.

بالا قۇش ئۇچۇشنى بىلەر، قونۇشنى بىلمەس.

بالا ــ قىلغان ئىشى چالا.

بالا كۆرگەننى دورايدۇ،
قېرى كۆرگەننى سورايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بالا كىچىكىدىن مەلۇم،
تېرىق قولىقىدىن.

بالىلار چوڭ بولۇشنى ئويلىسا،
چوڭلار ياشىرىشنى ئويلايدۇ.

بالىنى ئىشقا بۇيرۇپ،
كەينىدىن ئۆزۈڭ يۈگۈر.

بۇرۇتقا خاپا بولسام، ساقال باستى.

بۇقا قېرىسىمۇ بۇرنى قېرىماس.

بۆرە قېرىسا ئىتنىڭ كۈلگۈسى كېلەر.

بۆرە قېرىسىنى ئالدايدۇ.

بۆشۈك بالىسى ــ بەگ بالىسى.

بىر پۇتى يەردە، بىر پۇتى گۆردە.

بىر چوڭنىڭ سۆزىگە كىر، بىر كىچىكنىڭ.

پاقىنىڭ كېرىلگىنى يىلانغا ئوخشىماس،
مومايىنىڭ ياسانغىنى جۇۋانغا (ئوخشىماس).

تام تۈۋىدىن، دەرەخ ئۇچىدىن، ئادەم ئىچىدىن قېرىيدۇ.

تاي تىرىكلىغان بىلەن ئاتقا يېتەلمەس.

توغۇلماققا گۇمان بار،
ئۆلمەككە گۇمان يوق.

چوڭ بېشىنى ئاچسا،
كىچىكلەر كۆتىنى ئېچىپتۇ.

چوڭ توقاچ پىشقۇچە،
كىچىك توقاچ كۆيۈپتۇ.

چوڭغا چوڭچە، كىچىككە ئوڭچە.

چوڭنىڭ بەرگىنى — خۇدانىڭ بەرگىنى.

چۆلدە ئېتىڭ هارمىسۇن،
قېرىغاندا خوتۇنۇڭ ئۆلمىسۇن.

خام بىلەن پىششىق تەڭ بولماس.

ساقال باسسا قېرىمىكىن دېمە،
چىۋىن چاقسا هەرىمىكىن (دېمە).

ساقىلىڭنىڭ ئېقى بار،
بالىلىقىڭ تېخى بار.

قاپاق سۇنسا قايغۇ يوق،
قېرى ئۆلسە يىغا (يوق).

قاپمۇ تەڭ، قاپچاقمۇ تەڭ.

قاراڭغۇدا قېرى خوتۇن ياش كۆرۈنەر.

قوناقلىقتا ماش بولماس،
قېرى كىشى ياش بولماس.

قۇشقاچ قېرىسا جاڭگالچى بولار،
جۇۋان قېرىسا يالغانچى (بولار).

قېرى ئات چۇنەك بۇزماس.

قېرى خوتۇن ياش بولدى،
جۇۋانلارغا تەس بولدى.

قېرىسى بار ئۆينىڭ كىتابى بار.

قېرىغاندا ئات تېزىكى ئالتۇن كۆرۈنەر.

قېرىغاندا توڭغاق بولار، دوڭغاق بولار، پاڭغاق بولار.

قېرىغاندا قېرى تاتۇق،
قىلىقلىرى ئاندىن ئارتۇق.

قېرىغاندا قىز بولدۇم،
ئالدىرىغاندا ئۇز بولدۇم.

قېرىغاندا كۆڭۈل گادىيى بولۇپتۇ.

قېرىغاندا ئىتنىڭ تېزىنى كۆردۇم.

قىرىغاندا ياشلىق ياراشماس،
ئۇيا ـ ئەخلىك، قاشلىق ياراشماس.

قىرى قولاق — ئۇزۇن قولاق.

قىرى كالا شاپاققا ئامراق،
قىرى ئادەم ئاپپاققا.

قىرى كەلسە ئاشقا،
ياش كەلسە ئىشقا.

قىرىلار — بۇ دۇنيانىڭ مېھمىنى.

قىرىلىق بىلەن ئۆلمەس،
ياشلىق بىلەن تۇرماس.

قىرىلىق ئىشىكنىڭ ئارقىسىدا تۇرار.

قىرىنى قاپتا ساقلا،
ئۆلۈكنى ھەپتە.

قىرىنىڭ چىشى يوق، تۆشكە ئامراق،
مۇشۇكنىڭ پۇلى يوق، گۆشكە (ئامراق).

قىرىنىڭ قىقى تۈگىمەس.

قىز ۋاقتىم — سۇلتان ۋاقتىم،
جۇۋان ۋاقتىم — شەيتان ۋاقتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كاللار سۇ ئىچسە،
موزايلار مۇز يالاپتۇ.

كۆپ قېرىنىڭ ئىچىدىكى بالا دانا بولار،
كۆپ بالا ئىچىدىكى قېرى بالا بولار.

كۆلكە ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ، يىغا قىسقارتىدۇ.

كىچىك بالا تومۇرچى كېلىدۇ.

كىچىك بالىغا تىللا بەرسەڭ،
ئېلىپ يەيدىغىنى لەڭپۇڭ.

كىچىكلەردىن گۇناھ،
چوڭلاردىن ئەپۇ.

گۈلۈڭ بار چاغدا گۈلۈڭنى قىس،
گۈلۈڭ تورۇغاندا كۆتۈڭنى قىس.

مەنمۇ ئىدىم سېنىڭدەك،
سەنمۇ بولارسەن مېنىڭدەك.

مەنمۇ سېرىر ساغارمەن،
تامغا تېزەك ياقارمەن.

مەنىسىز ياشلىق — سايدىكى تاشلىق.

موزاي سامانلىقنى بوشىتار،
كىچىك بالا نان ساندۇقىنى.

موماي موماينى ئاپا دەپتۇ.

ھاۋانىڭ گۈلدۈرى بار، يامغۇرى يوق،
قىرىنىڭ جۇدۇنى بار، ماغدۇرى يوق.

ھەر نەرسە كىچىكىدە تاتلىق.

ھەي ـ ھەي بالا،
ماڭغان يولۇڭغا قارا!

ئوغۇل بالا ئوتتۇزغا كىرگەندە بىر قارا ئات توقۇغلۇق.

ئوغۇللارنى چۆرگىلەتكەنمۇ ياشلىق.
قىزلارنى ئەركىلەتكەنمۇ ياشلىق.

ئۆتكەن ئۆمۈر ــ ئاققان سۇ.

ئۆتمەيدىغان ئۆمۈر يوق،
سۇنمايدىغان تۆمۈر (يوق).

ئۆلمەسنى خۇدا ياراتماس.

ئۆمرۈڭ ئۆتەر،
ھۆسنۈڭ ئۆچەر.

ئۆمۈر ئۆتىدۇ، قىرلىق يېتىدۇ.

ياش قوماچقا ئامراق،
قېرى ئۇماچقا.

ياش قېرىتماس، غەم قېرىتار.

ياش كۆچەتنىڭ مېۋىسى سەرخىل.

ياش كېتىمەن دەپ قورقۇتار،
قېرى ئۆلىمەن دەپ.

ياشلار ئويۇنغا ئامراق،
قېرىلار ئۇيقۇغا.

ياشلىقىڭدا گۈل قىس،
قېرىغاندا غىت قىس.

ياشلىقىڭدا ئىشلە،
قېرىغاندا چىشلە.

ياشلىقىڭدىن ياخشى بول.

ياشلىق — يالقۇن
قېرىلىق — تۇتۇن.

ياشنىڭ سەتى يوق،
قېرىنىڭ چىرايلىقى (يوق).

ياش ۋاقتىدا ياخشىلىق قىلمىغان،
قېرىغاندا قاتتىقلىق كۆرەر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يان يەر يەر ئەمەس،
كىچىك بالا ئەر ئەمەس.

يەتتە يېشىنى ئەسلىشەر،
يەتمىش يېشىدىن رەنجىشەر.

يورغا مىنگەن يولدىشىدىن ئايرىلار،
كۆپ ياشىغان تەڭتۇشىدىن.

يېشىم ئوتتۇزغا يەتتى.
ئۆمرۈمنىڭ تېڭى كەتتى.

يېشىنى يوشۇرغان ياش بولماس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تازىلىق، سالامەتلىك ۋە ئۆلۈم - يېتىم توغرىسىدا

ئاچلىق بار يەردە ئاغرىق بار.

ئادەم سۇنى پاسكىنا قىلار،
سۇ ئادەمنى پاكىز قىلار.

ئارزۇلىغان ئەي بولماس.

ئاز يەپ ئاسان تىرىل.

ئاغرىپ تۇرۇڭ، ئېغىناپ تۇرۇڭ.

ئاغرىپ ساقايغان جان ئولجا،
يوقىلىپ تېپىلغان مال ئولجا.

ئاغرىغان چىشنىڭ دورىسى ئامبۇر.

ئاغرىق كۆچەيسە جېنىڭنى ئالار،
دەۋا كۆچەيسە پۇلۇڭنى.

ئاغرىق كىشى كۆلكە سۆيمەس.

ئەتىگەن تۇرساڭ، ئالدىڭدىن كۈن چىقار،
كەچ تۇرساڭ، كەينىڭدىن تۈن چىقار.

ئەجەل كەلسە، ئەقىل ئادىشار.

ئەلەڭ ـ سەلەڭ ئاغرىغاندىن،
پۇلاڭ ـ سالاڭ ئۆلگەن ياخشى.

ئەل ساقلىقى ــ يۇرت بايلىقى.

باش كىرلىسە تاز بولار،
پاختا كىرلىسە ماز.

باشنىڭ خوۋلۇقى دوپپا بىلەن تەلپەك،
قورساقنىڭ خوۋلۇقى پولو بىلەن چەلپەك،

بۇرنى بارنىڭ قەقىچى بار.

بېشى ئاغرىمىغاننىڭ خۇدا بىلەن كارى يوق.

بېشىڭنى سالقىن، ئايىغىڭنى ئىسسىق تۇت.

بىر تال ماياق بىر قازان ئاشنى پاسكىنا قىلار.

بىرخىل تۇرساڭ يۈز يىل ئۆمۈر كۆرىسەن.

بىر شاتىراق موزاي پادىنى بۇلغايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر كۈن يامغۇردا قالسا، ئۈچ كۈن چۈشكۈرەر.

پۇل ئەجەلگە داۋا بولماس.

تەن ساقلىق — تەڭدىشى يوق بايلىق.

تەننىڭ ساقلىقى — پادىشاھلىق.

تەننىڭ ساقلىقى — جاننىڭ راھىتى.

توخۇ سەمرىسە تۇغمىقى تەس،
ئادەم سەمرىسە قوپمىقى تەس.

تۇغۇت ئازابىنى ئانا بىلەر.

تۇغۇلغان بۆشۈكتە ياتىدۇ،
ئۆلگەن تۆشۈكتە.

تۇغۇلغان ھېساب ئەمەس، توختىغان ھېساب.

تۇغۇلمىغان بولساڭ ئۆلمەيتتىڭ.

تېزەكنى قوزغىساڭ، سېسىقى چىقار.

تېشى پۈتۈن، ئىچى تۈتۈن.

تىلىڭ كۆيسە تۈز يالا،
ئىچىڭ كۆيسە مۇز (يالا).

جان بار يەردە قازا بار.

جان راھىتى تەن بىلەن،
تەن ساقلىقى يەم بىلەن.

چاشقان دەرمىش: شاھ بار، گاداي بار،
مېنىڭ يوقۇمنى يېمىگەن كىم بار؟

چاينىماي يېگەن كۆشىمەي ئۆلەر.

چۈش ئۇيقۇسى پادىشاھلىقتىن ياخشى.

چېچەكتە چېكىلمىگەن قىزىلدا قىرىلار.

چېچەكنىڭ ئېتى يامان،
قىزىلنىڭ يېلى (يامان).

چىش ئاغرىقى ئاغرىق ئەمەس،
چىش ئاغرىقىغا ئادەم ئۆلمەس.

چىش ئاغرىقى ئاغرىق ئەمەس،
كىشى كېلىپ ھال سورىماس.

چىش باشقىچە ئاغرىيدۇ، كۆز باشقىچە.

چىشنىڭ دورىسى ئامبۇر،
ئۆپكىنىڭ دورىسى چامغۇر.

چىۋىن دىگەن مەينەت نىمە،
قونغان نەرسىنى يۇماي يېمە.

خىنىمنىڭ قىشىنى كۆرۈڭ،
تاۋىقىنىڭ تېشىنى (كۆرۈڭ).

دەرد قورۇقى كېتەر،
ئاچ قورۇقى كەتمەس.

دەزى يوق تۇخۇمغا چىۋىن قونماس.

دەم ئىلىپ، دەرمان توپلا.

دۇنيادا نىمە تولا ـــ تىۋىپ تولا.

دۇنيادا ئىككى ئۆلۈم يوق،
بىرىدىن قۇتۇلغان ھىچكىم يوق.

ساپ ھاۋا ـــ تەنگە داۋا.

سارىخان ئاچام ئۆيدە،
ئەخلەت كۈلى تۆردە.

ساق يىرىمنىڭ ھالى يوق،
ئاغرىق يىرىمنىڭ تايىنى (يوق).

سالامەت تەندە ساغلام ئەقىل.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سامساق ــ ئۆنى يېگەننىڭ تېنى ساق.

سەۋەب قىل، تەلەپ قىل.

سېمىزلىك ــ ئىككى پۇتقا يۈك.

سېمىزنىڭ پۇتى سەككىز.

غەم ـ قايغۇ كېسەل قىلىدۇ،
خۇشاللىق داۋالايدۇ.

قاغا جىگدىنى يېمەڭ،
مەيدەم ئاغرىدى دېمەڭ.

قان چىقتى ــ جان چىقتى.

قەيەر ئاغرىسا جان شۇ يەردە.

قورساقنىڭ ئاچقىنى ــ ئەقىلنىڭ قاچقىنى.

قولۇڭنى يۇيۇپ، قولتۇقۇقا ئۇر.

قولۇڭنى يۇيۇپ يۇر،
غېمىڭنى قىلىپ يۇر.

قوي ئۆز ئورنىنى پاسكىنا قىلار.

قۇرتنىڭ ئىلاجى قايناق سۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەچ يات، سەھەر قوپ.

كۆپ ئاغرىغان ئەمچى بولار،
كۆپ يۈرگەن يولچى.

كۆزۈڭ ئاغرىسا قولۇڭنى تارت،
قورسىقىڭ ئاغرىسا نەپسىڭنى.

كۆلنىڭ سېسىشى پاقىغا ياراپتۇ.

كېسەل باشقا، ئەجەل باشقا.

كېسەل پاتمانلاپ كىرىپ، مىسقاللاپ چىقار.

كېسەلگە قاراپ دورا،
كاڭغا قاراپ بورا.

كېسەللىك ئېغىزدىن كىرەر.

كېسەلنى بۆلۈشۈۋالغىلى بولماس.

كېسەلنىڭ كېلىشى ئاسان، كېتىشى تەس.

كىيىمنى يامىغىلى بولار،
قورساقنى يامىغىلى بولماس.

گالدىن ئۆتكەن غەنىيمەت.

مىڭ ئۆلۈكتىن بىر تىرىك ئەلا.

نان تۇرۇپ قالسا، سۇغا يۇگۇر،
سۇ تۇرۇپ قالسا، گۆرگە (يۈگۈر).

هازىغا بارغان خوتۇن ئۆز يىغىسىنى يىغلار.

ئورمىنى بۆلۇم تۇگىتەر،
ئادەمنى ئۆلۇم (تۇگىتەر).

ئورۇقنىڭ كۆڭلى يورۇق.

ئون تۇغۇتتىن بىر چۇشۇك يامان.

ئۆلگەندە يىغلىغىچە، ئۆلمەستە سەۋەب قىل.

ئۆلمەس ئاغرىق، چىقماس جان.

ئۆلۇپ ـ ئۆلۇپ ئاز قالدى،
زادى ئىككى تاز قالدى.

ئۆلۇك چىققان ئۆيدە ئۇچ كۇنگىچە سۆز ـ چۆچەك.

ئۆلۇككە يىغلا، تىرىكنى ئاسرا.

ئۆلۇككە يىغلىغان ئىست كۆزۈم!

ــ ئۆلۇك، نەگە بارىسەن؟
ــ بارنىڭ پۇلىنى چاچقىلى،
يوقنىڭ ئىتىكىنى ئاچقىلى.

ئۆلۈك ئۆيدىن چىقار،
ئورنىغا سەۋر كىرەر.

ئۆلۈمنىڭ چوڭىمۇ ئۆلۈم، كىچىكىمۇ.

ئۆلۈمنىڭ كۆزى يوق.

ئىت يارىسىنى يالاپ ساقايتار.

ئىشىكنى ئاچ، تىنجىقتىن قاچ.

ئىككىگە ئۈچنى قوشسا، بەش بولىدۇ،
كۆلچەكنى چاپمىسا، لەش بولىدۇ.

ياتقانمۇ ئاغرىق،
ئۇنى باققانمۇ ئاغرىق.

يۈزۈڭ كىر بولسا، ئەينەكتىن كۆرمە.

يېغىر قەيەردە، چىۋىن شۇ يەردە.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# تىل ۋە گەپ ـ سۆز توغرىسىدا

ئاتا ـ ئاناڭغا دېيەلمىگەن گېپىڭنى،
مورا بېشىغا يېزىپ قوي.

ئاتقان ئوق يېنىپ كەلمەس.

ئاتقان يەردە ئوق قالىدۇ،
چىچقان يەردە پوق.

ئات كىشنەشكىچە،
ئادەم سۆزلەشكىچە.

ئاتىلارنىڭ سۆزى ــ ئۇزۇكنىڭ كۆزى.

ئادەم تىلىدىن كېتەر،
ھايۋان مۈڭگۈزىدىن.

ئادەم قۇلاقتىن سەمرىيدۇ،
ھايۋان تۇياقتىن.

ئادەم كۆپ جايدا سۆز تولا،
قارايدىغان كۆز تولا.

ئادەمنىڭ تەمى سۆز بىلەن،
ئاشنىڭ تەمى تۇز بىلەن.

ئادەمنىڭ يۈزىگە قارىما، سۆزىگە قارا.

ئاز سۆزلە، كۆپ ئاڭلا.
ئاز يە، كۆپ چاينا.

ئاستا سۆزلىگەننىڭ ئامالى كۆپ.

ئاش كەلسە يە،
سۆز كەلسە دە.

ئاغزىمدىن چىقتى،
ساقىلىمغا ياماشتى.

ئاغزىمغا كەلدى دەپ دەۋەرمە،
ئالدىمغا كەلدى دەپ يەۋەرمە.

ئاغزى يۇمشاق موزاي قوش ئەمچەك ئېمەر.

ئاڭلىغان سۆزنىڭ ئىگىسى يوق.

ئاڭلىغان سۆزنى ئوتتۇرىغا تاشلا،
ئىگىسى تونۇۋالسۇن.

ئاڭلىغان قۇلاقتا گۇناھ يوق.

ئاۋۋال ئويلا، ئاندىن سۆزلە.

ئايهاي تىلىڭ!
تىلىڭ تېگىدە بېزىڭ...

ئەرنىڭ سۆزى بىر بولار.

ئەرنىڭ ئۆزى ئەمەس، سۆزى.

ياشتا سۆز بولسا، ئاياغدا ئۇن يوق.

بېشىڭ نەدىن كېتەر — تىلىڭدىن.

بىردىن ئىككى ياخشى،
قۇرۇق گەپتىن جىگدە ياخشى.

بىر گېپى زىخ، بىر گېپى مىخ.

بىر هارغانغا سۆز قىلما، بىر ئاچقانغا.

بىر ئېغىز سۆز كەم،
ئىككى ئېغىز سۆز ئارتۇق.

بىر ئىلىك ئېغىزغا ئىككى ئىلىك قاپقاق كېرەك.

بىكار گەپ قىلىش ئەخمەقنىڭ ئىشى.

پۇتتىن يىقىلغان تۇرار،
تىلدىن يىقىلغان تۇرالماس.

www.uyghurkitap.com

پۇت يۇگرۇكى ئاشقا،
ئېغىز يۇگرۇكى باشقا.

تاياق گۆشتىن ئۆتىدۇ،
تىل سۆڭەكتىن.

تەگمىسەڭ تېرىق بولار،
تەگمىسەڭ ئېرىق.

توغرا سۆز تۆمۈرنى تېشەر.

تۈزسىز گەپ قۇلاقتا تۇرماس،
تۈزسىز نان تونۇردا (تۇرماس).

تۆشۈك قۇلاق نېمىنى ئاڭلىماس،

تۈكۈرگەن تۈكۈرۈكنى ئېغىزغا ئالغىلى بولماس.

تۈلكىنىڭ سوئالىغا خورازنىڭ جاۋابى بار.

تىلغا ئىختىيار بەرسەڭ،
ئەلگە ئېتىبارسىز بولىسەن.

تىلى بىلەن تىكەن تېرىغان ئاغزى بىلەن ئورۇيدۇ.

تىلىڭ قاتتىق بولسا ياغلىغۇەت،
يۇمشاق بولسا داغلىغۇەت.

تىلىڭنى تارت، چىشىڭ سۇنمىسۇن.

چالا تۇغچى ئادەم ئۆلتۈرەر.

چىش تۆكۈلۈپ، تىل قالىدۇ.

دېسە دېگۈچە قويدۇم،
كېسىپ يېگۈچە قويدۇم.

دېمىگەننى دېگۈچى چىقار،
يېمىگەننى يېگۈچى (چىقار).

راست گەپ بوسۇغىدىن چىققۇچە،
يالغان گەپ يەتتە تاغدىن ھالقىپتۇ.

راست گەپكە سوئال يوق.

ساتمىدا[1] قىلغان گەپنى سارايدا قىلغىلى بولماس.

ساڭا سۆز يوق،
مۈشۈككە بەز (يوق).

سەن تاز دېگۈچە مەن تاز دەۋالاي.

سەن دېگۈچە مەن دەۋالاي،
گۇناھىمغا مۈشت يەۋالاي.

① ساتما ـــ كەپە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سەنمۇ شۈك، مەنمۇ شۈك،
ئوتتۇرىدا قارا مۇشۈك.

سورىمىغانغا گەپ يوق،
ئۇچرىمىغانغا سالام (يوق).

سۆز ئانىسى قۇلاق،
سۇ ئانىسى بۇلاق.

سۆز بىلەن پولو پىشماس،
ماي بىلەن گۈرۈچ لازىم.

سۆزدىن سۆز چىقار،
شوردىن تۇز (چىقار).

سۆز قوغلىغان كاشىلىغا يولۇقار،
يول قوغلىغان خەزىنىگە.

سۆز قېلىپىدا ياخشى،
قىلىچ غىلىپىدا.

سۆز قىل سىغار يەرگە،
سۇ سەپ سىڭەر يەرگە.

سۆز كۆركى ماقال،
ئەر كۆركى ساقال.

سۆزلىسەڭ سۆز چىقار،
چوقۇساڭ كۆز (چىقار).

سۆزلىسەم تاق ـ تاق دەيسەن،
سۆزلىمىسەم ئەخمەق دەيسەن.

سۆزلىسەم تىلىم كۆيىدۇ.
سۆزلىمىسەم دىلىم (كۆيىدۇ).

سۆزلىگەن ئەخمەق بولسىمۇ،
ئاڭلىغان ئەقىللىق بولسۇن.

سۆزلىمىگەن سۆزۈمگە مەن ئىگە،
سۆزلىگەن سۆزۈم ماڭا ئىگە.

سۆزلىيەلمىگەن ئېغىزدىن
چاپاق باسقان كۆز ياخشى.

سۆزنى قىلىشتىن ئاۋۋال ئاغزىڭدا چايناپ كۆر.

سۆزنىڭ توغرىسى ياخشى،
تۆگىنىڭ بۇغرىسى (ياخشى).

سۆزنىڭ ئېزى ياخشى،
ئاشنىڭ تۇزى (ياخشى).

سۆز ئۇلغايسا جېدەل كۆتۈرىلەر،
سۇ ئۇلغايسا كېمە (كۆتۈرىلەر).

سۆزۈڭ تاتلىق بولسىمۇ تەكرارلىما.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سۆزى توغرىنىڭ ھۆرمىتى ئۇستۇن.

قاچان تىلماچ دېيەلىسۇن
ئۆزۈم ئېيتقان سۆزۈمدەك.

قول يارىسى كېتەر،
تىل يارىسى كەتمەس.

قۇرۇق گەپ قۇلاققا ياقماس.
قۇرۇق گەپكە قورساق تويماس.

قۇش تىلىنى قۇش بىلەر.

— قىزىم، ساڭا ئېيتاي،
كېلىنىم، سەن ئاڭلا.

كەنجى كېپەزنىڭ غوزىسى يوق،
تولا گەپنىڭ مەزىسى (يوق).

كونا گەپ قۇلاققا ياقماس.

كونا ئۇستىخاننى ئىت غاجىماس،

كۆپ سۆز ئادەمنى ئەخمەق قىلار.

كۆپ سۆز — چۆپ سۆز.

كۆپ سۆزلىگەن تۇتۇلار،
ئاز سۆزلىگەن قۇتۇلار.

كۆپ سۆزلىگەن كۇكۇم،
ئاز سۆزلىگەن ئالتۇن.

كۆپ ئويلا، ئاز سۆزلە.

كۆرمىدىم دېسەڭ بىر سۆز،
كۆردۇم دېسەڭ مىڭ سۆز.

كۆزدىن كۆز تايسا، كۆكسىدىن سۆز تايىدۇ.

كۆڭۈلنىڭ كىرىنى ئېيتسا كېتەر،
كىيىمنىڭ كىرىنى يۇيسا.

گەپ بىر، قۇلاق ئىككى.

گەپ بىلگۇچە، ئىش بىل.

گەپتە گەپ بار،
قورساقتا دەرد بار.

گەپدانلىقنىڭ ئوتتۇز پۇتىقى بار.

گەپ دېگەننىڭ تۇرغۇچى بار.

گەپ قىلسا ۋالاقتەگكۇر دەيدۇ،
گەپ قىلمىسا مۆرىمەس (دەيدۇ).

گەپكە گەپ كەلسە ئاتاڭدىن قايتما.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

گەپ گەپنىڭ كۆتىنى ئاچتى.

گەپنى تىجمەلدىن سورا،
يولنى كارۋاندىن.

گەپنى قىسقا قىل،
كۆسەينى ئۇزۇن.

گەپنىڭ ئايىغى يوق،
يەرنىڭ يامىقى (يوق).

گەپنىڭ پىششىقى ياخشى،
ئاشنىڭ ئىسسىقى.

گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار،
ساقالنىڭ تۈۋىدە خەپ بار.

گەپنىڭ ياخشىسى خودايا توۋا،
ئاشنىڭ ياخشىسى قورۇما شورپا.

گەپنىڭ يامىنى كۇس – كۇس،
ئوسۇرۇقنىڭ يامىنى پۇس – پۇس.

گەپنى ئويلاپ دە،
ناننى چايناپ يە.

گەپ ۋاقتىدا ياخشى،
كاۋاپ زىخىدا.

گەپ ئېغىزدىن ئېغىزغا ئۆتكەندە پىلدەك يوغىنار.

گەپ يۈزدە ياخشى،
ئۇسسۇل تۈزدە.

گېپى گەپكە ئوخشىماس،
ئاغزى گەپتىن بوشىماس.

«ماقۇل» غا جاۋاب يوق.

مىڭ ئېغىز كاپ ـ كاپتىن،
بىر يۈتۈم چىپ ـ چاپ ياخشى.

نېمە دېسەڭ، شۇنى ئاڭلايسەن.

«هالۋا، هالۋا» دېگەنگە ئېغىز تاتلىق بولماس.

«هەئە» دىن ئوبدان جاۋاب يوق.
جىگەردىن ئوبدان كاۋاپ يوق.

ئوتتۇز چىشتىن چىققان سۆز،
ئوتتۇز ئەلگە تارقاپتۇ.

ئوت دېگەنگە ئېغىز كۆيمەس.

ئوتقا كەلگەن خوتۇننىڭ،
ئوتتۇز ئېغىز گېپى بار.

ئوچۇق ئېغىز ئاچتىن ئۆلمەس.

ئويلىماي سۆزلىسەڭ، ئاغرىماي ئۆلىسەن.

ئويناپ دېسىمۇ، كۆڭلىدىكىنى دەر.

ئويناپ گەپ قىلساڭمۇ،
ئويلاپ گەپ قىل.

ئۇزۇن گەپ ۋاقىتنى بۇزار،
ئۇزۇن چاپان رەختنى (بۇزار).

ئۆتكۈر سۆز — ئاتقان ئوق.

ئۆزۈڭ قىڭغىر بولساڭمۇ، گېپىڭ تۈز بولسۇن.

ۋالاقتەككۈر گەپ بەرمەس،
سۇنۇق كەپكۈر نەپ بەرمەس.

ئېغىز - ئايغاق، تىل - تايغاق.

ئېغىز - دەرۋازا، سۆز - شامال.

ئېغىزدىن بالا تۇغۇلماس،
باشقا ھەممىسى تۇغۇلار.

ئېغىزغا كەلگەن سۆز ئەرزان،
يۇرتقا كەلگەن بۆز (ئەرزان).

ئېغىزنىڭ نوختىسى يوق،
تىلنىڭ سۆڭىكى (يوق).

ئېغىز ـ ئېغىزىدىن قالماس.

ئېيت، ئېيت دېسە، ئاتىسى ئېسىدىن چىقىپتۇ.

ياخشى سۆز بىلەن يىلان ئىنىدىن چىقار،
يامان سۆز بىلەن قىلىچ قىنىدىن چىقار.

ياخشى سۆز دۈشمەنگە ياراپتۇ.

ياخشى سۆز تاشنى يارار،
يامان سۆز باشنى.

ياخشى سۆز جان ئوزۇقى،
يامان سۆز جان قوزۇقى.

ياخشى سۆز دىلنى ئېرىتىدۇ،
يامان سۆز جاننى قېرىتىدۇ.

ياخشى سۆزگە قۇلاق سال،
يامان سۆزگە ياماق سال.

ياخشى گەپ ــ ئىسسىتقۇ،
يامان گەپ ــ سوۋۇتقۇ.

يارىماس گەپنى تىلىڭدىن كۆرمە، دىلىڭدىن كۆر.

ياغاچ قۇلاققا گەپ ئۆتمەس.

يالغان گەپنىڭ ئات - ئېگىرى توقۇغلۇق.

يەنە دېسەم يەنە دەيدۇ،
ئاستا دېسەم بەكرەك،

يۈزۈمگە باقما، سۆزۈمگە باق.

يېڭى گەپ، كونا قۇلاق.

## تىنچ ـ ئامانلىق، ئەندىشە ۋە غەم ـ قايغۇ توغرىسىدا

ئادەم غەمنى يەيدۇ، غەم ئادەمنى.

ئاز ئىشىم ــ غوغىسىز بېشىم.

ئاشنىڭ ئالىسى قورساق ئاغرىتار،
كۆڭۈلنىڭ ئالىسى ئادەم ئۆلتۈرەر.

ئاغرىماس بېشىمغا ئالتە تاياق.

ئالتۇندىن كۆز يېشى تۆكۈلەر.

ئالتۇنلۇق ئۆيدىن كۆڭۈلنىڭ تىنچلىقى ياخشى.

ئەندىشىنىڭ بىر ئىتى قورققاق.

باشتىن قۇلاق سادىغا.

بالا ـ قازا قاش ـ كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا.

بېشىڭ قاتسا تامغا ئۇس.

بىر گۆرگە سۇ كىرسە،
مىڭ گۆردە ئەنسىزچىلىك.

پاچىقىغا پىت چۈشۈپتۇ،
ئېشىغا چىۋىن.

توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاپتۇ.

«تۇر ـ تۇر» كۆپ بولسا ئۇيقۇدا مەززە يوق.

تىنچ كۆڭۈلگە تۇزسىز ئۇماچ.

تىنچلىق ئەۋزەل.

جەڭنىڭ بىرى جەڭ، توققۇزى رەڭ.

جېدەل بار يەرگە بەش نان كۆتۈرۈپ بېرىپتۇ.

جېدەلخورغا گۇۋاھچى بولما.

جېدەلنى باشلىغان لاپچى،
ئۇسسۇلنى باشلىغان داپچى.

خەت ـ خالتا ــ تىرىكلىكنىڭ نىشانىسى.

دەم غەنىيمەت، دىدار غەنىيمەت.

دورغا نەدە بولسا، غوغا شۇ يەردە.

رەمچى سالىدۇ رەمنى،
كۆڭۈلگە سالىدۇ غەمنى.

روھىڭ چۈشكەندە ساقىلىڭ تېز ئۆسەر.

سەن تىنچ ــ قوشناڭ تىنچ.

سوقۇشنىڭ يېگىنى پۇل، ئىچكىنى قان.

سۇدا ئاققان سامانغا ئېسىلار.

شامالنىڭ ئالدى قويۇن،
جېدەلنىڭ ئالدى ئويۇن.

شانىياز ئوۋغا چىقسا، كەينىدىن غوغا چىقار.

غەم باسسا، غەپلەتمۇ باسار.

غەمسىز كىشى بولماس،
ئەرسىز چىشى (بولماس).

غەم ـ قايغۇسىز ئادەم سۇ ئىچسىمۇ سەمرىيدۇ.

قايغۇدىن كېيىن خۇشاللىق ياخشى،
خۇشاللىقتىن كېيىن قايغۇ يامان.

قايناق سۇ ئىچ، كۆڭلۈڭ تىنچ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قاۋىمىغان ئىتقا تاش ئاتما.

قورساق ئاغرىقىڭ بولمىسا، تاۋۇز يېيىشتىن قورقما.

كۆڭلۈڭ رەنجىسە، كۈلۈپ ئوينا.

كۆڭلۈڭ غەش بولسا، يېگىنىڭ لەش بولار.

كۈندەشلىك ئۆيدە كۈندە جېدەل.

كۈندۈزى ماڭغان يىلاننىڭ ئۆمرى قىسقا،
كېچىسى ماڭغان ئەرنىڭ.

كۈن ئۆرلىسە، سايەڭ قىسقىرار،
دەرد ئۆرلىسە، ئۆمرۈڭ قىسقىرار.

كېمىگە چۈشتۈڭ ــ جاننىڭ غېمىگە چۈشتۈڭ.

كىشى قايغۇسى ئېتەكتە،
ئۆز قايغۇسى يۈرەكتە.

گۇمان ئىماننى قاچۇرار،
ئۇماچ مېھماننى.

گۇناھىڭدىن غەم قىلما،
ھەممە گۇناھ شەيتاندا.

گۆر ئەنسىزلىكىدىن ئۆي ئەنسىزلىكى يامان.

ئوت ئۇستىگە ماي چېچىپتۇ،
پاتقاق ئۇستىگە لاي.

ئون كۆلكىنىڭ بىر يىغىسى بار.

ئويدا ياتماي، دۆڭدە يات.

ئويۇننىڭ ئېزى ياخشى.

ئويۇننى قەيەردە ئوينىساڭ،
يىغاڭنى شۇ يەردە يىغلا.

ئۇرۇشقاق ئۆز سايىسى بىلەنمۇ ئۇرۇشار.

ئۇ ياققا تارتسام، ئات ئۆلىدۇ،
بۇ ياققا تارتسام، هارۋا سۇنىدۇ.

ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات.

ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا.

ئېشىكى يوق موللامنىڭ قولىقى تىنچ.

ياتقان يىلاننىڭ بېشىنى قوزغىما.

يارا ئاغرىقىدىن كۆڭۈل ئاغرىقى يامان.

يۇرت بولسا، ئالۋان بولمىسا،
تىنچ بولسا، مالىمان بولمىسا.

يېغىدىن يار بويى قاچ.

يېغىلىق كۈندە يات ياخشى.

# ھەمكارلىق، ئادەمگەرچىلىك ۋە نائەھلىلىك توغرىسىدا

ئاداشقانغا يول كۆرسەت.

ئادەم ئادەم بىلەن،
پىستە بادام بىلەن.

ئادەم ئەتكەنگە تەزىم ئەت.

ئادەمگەرچىلىك كىچىككىنە يەردە.

ئاش بەرگەنگە مۇشت بېرىپتۇ.

ئاشتىن يامانلىغان تاۋاق چاقىدۇ.

ئاش — ئۆتنە، ئىش — لاپقۇت.

ئاغزىدا ھەسەل،
كۆڭلىدە زەھەر.

ئاغزى قايماق، كۆڭلى مايماق.

ئالتۇننىڭ ھورىدا مىس پارقىراپتۇ.

ئالدىدا قول قىسىشار،
ئارقىدىن تاش ئېتىشار.

ئالقىش ئالغان ئامان،
قارغىش ئالغان يامان.

ئامانەتنى تۇتماڭ، يوقالسا تۆلەرسىز.
تام تۇۋىدە ئولتۇرماڭ، يىقىلسا ئۆلەرسىز.

ئايدا ئورتاق بولماپتۇ، يىلدا قوشنا.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — دېسە،
— بەش تەڭگەمنى بېرىڭ! — دەپتۇ.

بەتنىيەتنىڭ يولى تار.

بەرگىنىڭنى مىننەت قىلما،
ئالغىنىڭنى ئۇنتۇپ قالما.

بولۇشساڭ جانغا بولۇش.

بۇزۇق ئادەم بۇزۇپ ئارام تاپار،
تۈزۈك ئادەم تۈزەپ.

بۇغداي نېنىڭ بولمىسا،
بۇغداي سۆزۈڭ يوقمىدى.

بۇغدايىنىڭ باھانىسىدا قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ.

بۇلتۇر كەلدى ئۇرغىلى،
بۇ يىل كەلدى سورىغىلى.

بېشىنى سىيلىغانىنىڭ قولىنى چىشلەپتۇ.

بىر قاقىقا بىر قاق.

بىر كىشى ياققان ئوت يۈز كىشىنى ئىسسىتار.

بىكارغا تاماق بەرسە، تۇزى كەم دەپتۇ.

پوقىقا چالما ئاتساڭ ئۆزۈڭگە چاچرار.

پۇت پۇتقا ھەمراھ، قول قولغا.

پۇلۇڭ بار بېرىپ ئۆت،
پۇلۇڭ يوق كۆرۈپ ئۆت.

تويغان يەرگە توققۇز كۈن تەزىم.

تۇرغانلارغا تۇۋرۇك بول،
ماڭغانلارغا كۆۋرۈك بول.

تۇرقى ئىنسان، قىلىقى ھايۋان.

تۇزۇڭنى يەپ، تۇزلۇقۇڭغا چىچاي.

تۇز يالىغان ئىت قوپارغۇ ئاستىدا ئۆلەر.

تۆگە كۆردۇڭمۇ ؟ — يوق.

تۇگمەن تېشى مەن بولسام،
چېقىلدۇرۇقى سەن بولدۇڭ.

تىكەن بولۇپ پۇتقا كىرگۈچە،
چىمەن بولۇپ باشقا قادال.

جانمۇ جان — ئۆزىنىڭ جېنى.
كىشىنىڭ جېنى — ئىتىنىڭ جېنى.

جاھاندا يار بولساڭ يار بول.

جاي بەرگەنگە جان بەر.

چاڭقىغانغا سۇ بەر،
مۇزلىغانغا ئوت.

چاۋاك ئىككى قولدىن چىقىدۇ.

دىلى زەھەرنىڭ قولىمۇ زەھەر.

ساق كۆز يىغلىسا، سوقۇر كۆزدىن ياش چىقار.

ساڭا قاراپ مەن،
ئىشىككە قاراپ دەم.

سەكرىگەننى باس،
يىقىلغاننى يۆلە.

سەن ئۆل، مەن ياشاي.

سۇ ئىچكەن كۆلگە تۈكۈرمە.

سۆز بەرگەن يۈز بەرمەس،
يول كۆرسەتكەن ئوزۇق (بەرمەس).

سۈپۈرگەن يەرگە چىچىپتۇ.

غالجىر خۇدانى بىلمەس،
ئىت هارامنى.

قاتتىق گەپ قىلساڭ قېتىۋالىدۇ،
يۇمشاق گەپ قىلساڭ يېتىۋالىدۇ.

قوشۇق بولۇپ يالىشىپتۇ،
ئىت بولۇپ تالىشىپتۇ.

قول قولنى يۇيسا، قول يۈزنى يۇيار.

قوينۇڭدىن تۆكۈلسە، قونجۇڭغا.

كالپۇك بولمىسا، چىش توڭار.

كۆرسە هالى يوق،
كۆرمىسە كارى (يوق).



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆڭلى بۇزۇق باشقىلاردىن ئەيىب ئىزدەر.

كۆڭلى قارىنىڭ يۈزى قارا.

كۆڭۈلنىڭ ئالىسى ــــ خۇدانىڭ بالاسى.

كۆلگەنگە قاراپ ھىجاي.

كىچىل بولساڭ، كىچىنىڭ كۆيەر.

كىشىنىڭ ئىشى ــــ بوسۇغا بېشى.

كىشىنىڭ ئىشىغا تومۇزدا قول توڭار.

مەست بىلەن بىللە ماڭساڭ ماڭ،
نەس بىلەن بىللە ماڭما.

مەسلىھەتلىك ئىش بۇزۇلماس.

مېنىڭ ئىشىم سەن بىلەن،
سېنىڭ ئىشىڭ كىم بىلەن؟

نائەھلىگە قەرزدار بولما،
ناتونۇشقا ھەمراھ (بولما).

نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك.

ھارماڭ دېسە، ھاپاش بوپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«ھەا» دېگەنمۇ مەدەت.

ھەر ئىش ئۆز يولىدا ياخشى.

ھەسەتخوردىن بەختىڭنى يوشۇر،
سۆخەنچىدىن دەردىڭنى.

ھەسەت قىلغۇچە ھەسرەت قىل.

ئون مىدە تەخەيلىسە، بىر ھاڭگىنىڭ كۆتى ئاغرىماس.

ئوۋچىنىڭ قارچىغىسى بولسا، توشقاننىڭ نەزىرىسى بار.

ئۇماچىنىڭمۇ ئۆتنىسى بار.

ئۆتنە ــ يېرىم.

ئۆتنىگە لاپقۇت،
ئۆتۈككە ئاپقۇت.

ئۆز نەپسىدىن كەچمىگۈچە،
كىشىنى خۇش قىلغىلى بولماس.

ئۆز ئۆيىنى سىيرىپ سۈپۈرەر،
كىشىنىڭ ئۆيىگە قېقىرىپ تۈكۈرەر.

ئۆزۈڭدە يوق ــ ئالەمدە يوق.

ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي،
كۆتۈڭنى قىس، يولۇڭغا ماڭ.

ئۆزۈمنىڭ دېسە، ئۆكۈزدەك كۈچۈم بار،
كىشىنىڭ دېسە، ئانچە ـ مۇنچە ئىشىم بار.

ئۆزى ئۈچۈن ئۇخلاپ،
كىشى ئۈچۈن چۈش كۆرەر.

ئۆلگەن بولسا ئېگىسىنى تاڭاي،
تىرىك بولسا يارىسىنى.

ۋاپاسىز ئادەمدىن ۋاپادار ئىت ياخشى.

— ۋاپاغا جاپا بارمۇ؟
— ئىزدىسە تېپىلار.

ئېشىنى يەپ، تاۋىقىنى چېقىپتۇ.

ئېغىز يېسە، يۈز ئۇيىلار.

ئىتتىرىپ بەرگەننى ئىت يېمەس،

ئىت قىلغاننى ئىت ئىگىسى قىلماس.

ئىچى يامانىنىڭ ئىچىگە ئۇر.

ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ.

ئىشى يوقنىڭ كارى يوق.

ئىككى باشنى قوشماق ساۋاپ، ئايرىماق گۇناھ.

ياردەم قىلدىڭ — خوپ قىلدىڭ.
مىننەت قىلدىڭ — يوق قىلدىڭ.

يۆلەكلىك تام يىقىلماس.

يۈزى قېلىنلار يەۋېرىدۇ،
چىدىمىغانلار دەۋېرىدۇ.

يىغلىغاندىن ھال سورا،
كۈلگەندىن پۇل (سورا).

يىقىلغانغا يۆلەك بول،
يىرتىلغانغا ياماق بول.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مىجەز ـ خۇلق ۋە كىشى تەبىئىتى توغرىسىدا

ئات ئېشەكنىڭ خۇيىنى ئالار،
ئېشەك ئاتنىڭ خۇيىنى ئالماس.

ئاچچىق بولساڭ تۇزدەك بول،
تاتلىق بولساڭ قەندەك بول.

ئاچ كىشىنىڭ ئاچچىقى يامان.

ئاچ كىشى ئۇرۇشقاق كېلەر،
ئورۇق كىشى تىرىشقاق (كېلەر).

ئاختامىنىڭ چالمىسى يامان،
خوتۇن كىشىنىڭ لالمىسى ( يامان).

ئادەتنىڭ دورىسى يوق،
مەسچىتنىڭ مورىسى (يوق).

ئادەم ئەپتىدىن بىلىنەر،
ئوت تەپتىدىن.

ئادەم دېگەن ھۆل نېمە.

ئادەم گۈلدىن نازۇك، تاشتىن قاتتىق.

ئادەمنىڭ ئالدى گۈل، كەينى تىكەن.

ئادەمنىڭ يۈزى ئاپتاپتىن ئىسسىق.

ئادەمنىڭ يىلتىزى يوق.

ئادەم ئوخشاش، خۇي ـ پەيلى ئوخشىماس.

ئادىتىم ئامىتىمنى قاچۇردى.

ئاغرىق قالسىمۇ، ئادەت قالماس.

ئاغزى ئوچۇق ئاچ قالماس.

ئاغزى ئىتتىكنىڭ دوستى ئاز.

ئاغزى يۇمشاق گۆش يەيدۇ،
ئاغزى قاتتىق مۇشت (يەيدۇ).

ئالتۇن چىشلىق كۈلگۈنچەك،
دىلى يۇمشاق كۆڭۈلچەك.

ئالدىدا يايلىسى يوق،
كەينىدە قۇيرۇقى (يوق).

ئانچىلىك ئاچچىق پىيازدىمۇ بار.

ئەرنىڭ كۆڭلى ئەۋرىشىم.

ئەگرى قوزۇققا دوناي توقماق.

بۇقا بوينىغا يىغار، ئابدال قوينىغا.

بۆرە بالىسى تاغقا قاراپ هۇۋلار.

بۆرە قېرىسا ئىتلىقى بار.

بېشى تازنىڭ كۆڭلى نازۇك.

بېشى قايغان، پۇتى تايغان.

بېشىڭغا هەر بالا كەلسە،
ئۆزۈڭنىڭ خوي ـ پەيلىدىن كۆر.

بېلى بوشنىڭ گېپى بوش.

بىجىقىم خوتۇن چاي قايناتقۇچە،
چاققان خوتۇن ئاش پىشۇرار.

بىر ئادەمنى چۈشىنىش ئۈچۈن،
بىر تاغار تۇزنى بىللە يېيىش كېرەك.

بىر پۇل بېرىپ ئۇسسۇلغا سالسا،
ئون پۇل بېرىپ توختاتقىلى بولماس.

بىر پىيالەكتە ئون خەمەك،
هەربىرىنىڭ تەمى بۆلەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر جاندىن بىر ناندىن، بىر خاندىن زېركەمەس كىشى.

بىر مەستىن قورقمەن، بىر مۆرىمەستىن.

بىشەم خوتۇن بىر كۆنلۈك،
بېزەڭ خوتۇن بەش كۆنلۈك.

بىھايا كۆلكىچى بولما،
بىھېساب ئۆيقۇچى (بولما).

پادىشاھنىڭ كۆڭلى پاقىغا چۈشۈپتۇ.

تارتىنغان ئاچ قالار.

تاسما يېگەن ئىتنىڭ خۇيى ئۆلگۈچە قالماس.

تاغقا چىقسا كېيىك.
سۇغا كىرسە بېلىق.

تەمەگەرنىڭ تامىقى قۇرۇق.

تەرساغا گەپ ئۆتمەس،
تاشقا مىخ (ئۆتمەس).

تەرى يامانىنىڭ مېھرى يامان.

تەلۋە تەپسە زەنجىر ئۈزەر.

تەلۋە تۆرنى بەرمەس.

تەلۋىگە چوماق تۇتقۇزما.

تەلۋىنى قورقۇتماق ــ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرمەك.

تەلۋىنىڭ تېرىسى قېلىن.

توخۇ داڭگال چۇشەر، ئۆچكە جاڭگال.

توخۇ قونداقتا چىققاندا ھەممىنى ئۇنتار.

توڭگۇز تېرىسى سېسىقلىقىدىن ئاش يېمەس،
ئادەم تېرىسى ئۇلۇغلۇقىدىن.

توڭگۇز دۇمبا بىلەن سەمرىيدۇ.

تۆگە سىيگىچە قۇيرۇقىنى قۇم باسار.

تۆگە ئۇسسۇل ئوينىسا، يەتتە ئېتىز زەدەكنى بۇزار.

تۈكى قايانغا ياتسا، شۇ يانغا سىيلا.

تېجىمەل توپاقنى چىمدىپ ئۆلتۈرەر.

تېرىككەننىڭ جېنىنى ئال.

جاڭگالدا ھاڭرىغان ئېشەك شەھەردە ھاڭرىيالماس.

جاھىللىق ــ جان ئازابى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

جىلە قىلساڭ، مۈشۈكمۇ چىشلەيدۇ.

جىمغۇرنىڭ چىشى قولتۇقىدا.

جىمىغۇرنىڭ ھۈنىرى ئىچىدە.

چاققان جۇۋاننى بۆشۈك ئاستىدا كۆرۈڭ.

چاققانغا بار، لايپاسقا يوق.

چىدىماسنىڭ ئۆيى پايلىماسنىڭ قېشىدا.

چىراي تاللىما، مىجەز تاللا.

چىرايىنىڭ ئاقلىقىدىن كۆڭلىنىڭ ئاقلىقى ئەلا.

خوتۇن كىشىنىڭ جېنى قىرىق بىر.

خۇيى بار قىز ئۆي تۇتالماس.

خۇيى يامانىنىڭ پەيلى يامان.

دەريادا غاز تولا،
قىز بالىدا ناز (تولا).

دورامچۇقنىڭ ئاغزى پۇچۇق.

دوزاختا ئۆگەنگەن كۆڭۈل بېھىشكە كۆنەلمەپتۇ.

دوستۇمنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ بويۇمدا قالدى.

دىل ئازاردىن خۇدا بىزار.

زىدى پەسنىڭ تىگى پەس.

ساياق يۇرگەن تاياق يەر.

سەتلىكىمنى بىلىندۇرمىگەن — خۇش خۇيلۇقۇم.

سوقۇشقاق خوراز سەمرىمەس.

سۇس ئەردىن چۇس ئايال ياخشى.

سۆگەتكە ئەۋرىشىملىك، قېيىنغا قاتتىقلىق يارىشار.

سۇت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقار.

سىپايە سىرىنى يوشۇرالماس،
پۇچۇق بۇرنىنى (يوشۇرالماس).

سىركىسى سۇ كۆتۈرمەس.

شاپاقىا تېيىلىپ ئۇرۇقىا زوڭ ئولتۇرۇپتۇ.

شەپشەك ئېرىق ئاتلار،
ئېغىر - بېسىق دەريا (ئاتلار).

قاپىقى جۇتنى قىچقىرىدۇ،
كالپۇكى يەرنى سۇپۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

قارغىشچى ئېغىزغا قاغا چىچسۇن.

قاسساپقا پۇل بېرىپ، ناۋايغا قاراپتۇ.

قاغا قاقىلدىمىسا، قۇشلارنىڭ كۆزىنى چوقۇپ بولار ئىدى.

قوشناڭ قارىغۇ بولسا، كۆزۈڭنى قىس.

قېرىشقاننىڭ قارنى ئاچ.

قېلىنلىق — يېرىم دۆلەت.

قېيىدىغان ئابدالنىڭ خورجۇنىغا زىيان.

قىتىغىرنىڭ ئىچى زىدە،
سېرىق يۆگەك باسقان بېدە.

قىرىق كىشى بىر ياق،
قىڭغىر كىشى بىر ياق.

قىلىچتەك ئۆتكۈر بولما،
تاياقتەك قاتتىق بولما.

كاللا دېسە، پاقالچاق دەيدۇ،
پىشۇرۇپ بېرەي دېسە، خام يەيمەن (دەيدۇ).

كاۋا ھېچقاچان قوغۇن بولماس.

كاۋا ئىچىدە ئۆسسەڭ، يۇمىلاق بولىسەن،
تەرخەمەك ئىچىدە ئۆسسەڭ ئۇزۇنچاق (بولىسەن).

كەم سۆز يىگىت ــ ساز يىگىت.
مەدداھ يىگىت ــ ماز يىگىت.

كۆز ــ نۇرنىڭ ئۇۋىسى،
كۆڭۈل ــ سىرنىڭ (ئۇۋىسى).

كۆز ئىسسىق، يۈز توڭلىماس،
چىش سوغۇق ـ ئىغىز كۆيمەس.

كۆڭۈلچەكنىڭ كۆتى ئوچۇق.

كۆنگەن كۆڭۈل كۆمۈلگۈچە.

كۈچى يوقنىڭ ئاچچىقى يامان.

كۈلگەك قىزغا يىگىت ئەگىشەر،
چىچقاق بالىغا ئىت.

كۈندۈزى سۆزلۈگەك.
كېچىسى جۆيلۈگەك.

كىشىنىڭ تۈگمىدەك ئەيىبى كۆرۈنەر،
ئۆزىنىڭ تۆگىدەك ئەيىبى كۆرۈنمەس.

كىمنىڭ هارۋىسىنى هەيدىسەڭ،
شۇنىڭ ناخشىسىنى ئېيت.

لالما بولغۇچە، سالما بول.

لەقەم قويۇش خىزىرنىڭ ئىشى.

مال ئىگىسىنى دورىمىسا هارام.

مەن كۆرمىگەن يېرىلىق بارمۇ،
سىڭا يېقىلىق تاتۇق.

موللا هوشۇرنىڭ بېرى شۇ.

مۈشۈكنى هارۋىغا قاتساڭ،
كاتىنىڭ ئاستىغا سۆرەيدۇ.

مىلجىڭ ئادەم سۆز بۇزار،
قىڭغىر هارۋا يول (بۇزار).

مىلجىڭنى ئەزمە يېڭىدۇ،
ئەزمىنى خۇدادىن بەزمە يېڭىدۇ.

نوقانچىنىڭ كۆزى يامان،
سۇخەنچىنىڭ سۆزى (يامان).

هەربىر ساراڭ دېگەندە،
بىر چىشلەم گۆشى ساراڭ بولار.

هەر كاللا ــــ بىر دۇنيا.

ھەسەن ئاكام ئاچچىق،
مېغىزلىرى تاتلىق .

ئوچۇق چىراي — قايناق چاي.

ئوچۇق يۈز — نېمەت ئۈستىگە نېمەت.

ئولتۇرسا ئوچاقنى ئۆرۈپتۇ، قوپسا مورىنى.

ئويماقسىز خوتۇن بولماس،
تىغسىز ئەر (بولماس).

ئۈرۈشقاق خوتۇن تۇل قالار.

ئۆردەك دەيدىكەن:
كۆتۈم ئامان بولسا، ھەممە كۆلنى سىيستىمەن.

ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرۈپ ئالا بولار.

ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىنى بىلمەكچى بولساڭ،
كىشىنىڭ قىزىغا ئەلچى ئەۋەتىپ كۆر.

ئۆزى قوڭغۇزدەك،
گېپى توڭگۇزدەك.

ئۆزى مۈزلۈقنىڭ گېپى تۈزلۈق،

ئۆزى ياۋاش، ئاغزى بەڭباش.

ئۆكۈز ئۆلگەندىمۇ كۆزىنىڭ ئالىسى كەتمەس،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگۈچە قالماس.

ئۆگەنگەن كۆڭۈل ئۈجمە پىشقۇچە.

ئۆلەرمەن ئېشەك ئۆلتۈرۈپ تېپەر.

ئۆلۈكنىڭ كۆزى يامان،
ئۇرۇشقاقنىڭ سۆزى.

ئېرىڭدىن يامانلىماي، ئەيىبىڭدىن ياماللا.

ئېشەكنى ئۇرغانغا ئات بولماس.

ئېغىر چامدىغۇچە يېنىك سەكرەيدۇ.

ئېغىرلىق تاشقا يارالغان،
يېنىكلىك قامغاققا.

ئېغىرلىق — رەخمانلىق،
يېنىكلىك — شەيتانلىق.

ئىت كاللىسى تەخسىدە توختىماس.

ئىتمىكىن دېسەم، قۇيرۇقى يوق،
كالىمىكىن دېسەم، مۈڭگۈزى (يوق).

ئىتنى قاۋايدۇ دەپ، ئاغزىنى كەسكىلى بولماس.

ئىتنىڭ ئاغزىغا سۆڭەك تاشلا.

ئىتنىڭ ساددىلىقىدىن تۈلكە تۆرگە چىقىۋاپتۇ.

ئىت ئۇرغۇچىغا ئامراق.

ئىت ئىتلىقىنى قىلمىسا كۆڭلى تىنماس.

ئىچى تارنىڭ كۆڭلى تىنماس،
ئېشەك مىنگەننىڭ پۇتى (تىنماس).

ئېگىزنىڭ ئاچچىقى كەلگۈچە،
پاكارنىڭ جېنى چىقار.

ياغاچ قۇلاققا گەپ ئۆتمەس.

يامانلىغانغا يامان قوينىڭ كاللىسى.

يەكچەشمىنىڭ شەھرىگە بارساڭ، بىر كۆزۈڭنى قىس.

يەۋەتكۈدەك تاتلىق بولما،
تۈكۈرۈۋەتكۈدەك ئاچچىق (بولما).

ياۋاشتىن قاپلان چىقىدۇ.

ياۋاش ئۇينىڭ مۈڭگۈزى ئىچىدە.

يۈزى قېلىننىڭ ساقىلى قاتتىق.

يېڭى كوزىنىڭ سۈيى سوغۇق.

يىراقنىڭ يېقىنى بار،
ساراڭنىڭ ماقۇلى (بار).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تۆرلۈك جىسمانىي ئەيىبلەر توغرىسىدا

ئاتىنىڭ ياخشىسى بوز بولىدۇ،
ئەرنىڭ ياخشىسى تاز (بولىدۇ).

ئاقساق يول تالىشار،
پىخسىق پۇل (تالىشار).

ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق.

بۈرگىدەك ئەيىبىم تۆگىدەك كۆرۈندى.

بىر كۆزى قاساپتا، بىر كۆزى ناۋايدا.

پادىشاھ بىلەن تاز چىقىشالماس،
ئۆردەك بىلەن غاز (چىقىشالماس).

پوقاققا ياقا ياراشماس.

پوقاقنىڭ ئۈستىگە سۆگەل چىقىپتۇ.

پۈتى كىچىك چاققانى كىيەر،
پۈتى يوغان تاپقانىنى.

پۇلى تۈگىگەندە پوقىقىنى سىيلاپتۇ.

تاز بازارغا بارسا، شۇم خەۋەر تاپار.

تاز باشقا يېشىل دوپپا.

تاز بولساڭ گەدەنگىچە بول.

تاز بىلەن تاز تارغاق تالىشىپتۇ.

تاز تازنى كۆرسە، بېشى قىچىشار.

تاز تېكىردا[1]، توشقان تېتىردا.

تاز جابدۇنغۇچە، توي تارقاپتۇ.

تاز چىۋىننى قوندۇرماس،
چىۋىن تازنى تىندۇرماس.

تاز خۇش خۇي كېلەر،
گومۇش بەتخۇي.

تازغا تارغاق بەرسەڭ، يېلىم تىلەيدۇ.

تازغا تاڭ ئاتماس،
كورغا كۈن چىقماس.

---

① تېكىر — تەكىي.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

تازغا كەمچەت تۇماق ياراشماس.

تازغا مەنسەپ تەگسە، چەللىدە ئات چاپار.

تاز قىزغا ئەر تاپماق —
قىدام كەكىگە ساپ تاپماق.

تاز كارامەتچى كېلەر،
پوقاق دارامەتچى.

تاز گۈل تاپسا، قىسقىلى جاي تاپالماس.

تازنى ئاپتاپتا قىستاپتۇ.

تازنى تاز دېسە ئۆلگۈسى كېلەر،
ساقنى تاز دېسە كۈلگۈسى كېلەر.

تازنى خوجام دەپتۇ،
پاخشەكنى خېنىم.

تازنىڭ كۆزى چاچتا،
قىزنىڭ كۆزى قاشتا.

— تازنىڭ نېمىسى بار؟
— تۆمۈر تارغىقى.

توكۇرنىڭ ماڭمىدىغان يولى كۆپ،
گاچىنىڭ دەيدىغان گېپى.

توكۇرنى ياردا تۆت،
توشقاننى قاردا.

توكۇر ئۆسسۆلچى، كېكەچ غەزەلچى.

چاپاق خوتۇننىڭ جىتاق ئېرى بار،
ياغاق ئاتنىڭ مايماق ئېگىرى (بار).

چاپاقنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇماس،
ماڭقىنىڭ بۇرنىدىن قاقاچ (قۇرۇماس).

خانغا يارىغان ئېشىم، تازغا يارىماپتۇ.

دوك گۆرگە كىرگەندە تۈزۈلەر.

دۇدۇق سۆزگە يارىماس،
ئوغرى كۆزەتكە.

ساراڭغا سوت يوق.

ساراڭنىڭ ئوگى يوق،
چالمىنىڭ قوگى (يوق).

سوقۇرنىڭ ھىيلىسى شەيتانغا دەرس.

سوقۇر — يوقنى ئوقۇر.

سىيگەك سۆغا ئامراق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

قارىغۇ باتۇر بولار.

قارىغۇ تۇتقىنىنى قويماس،
گاس ئاڭلىغىنىنى.

قارىغۇغا چوڭ يول تار كېلەر.

قارىغۇغا كېچە ـ كۈندۈزنىڭ پەرقى يوق.

قارىغۇغا يول كۆرسەتسەڭ ئۆزۈم تاپقان يول، دەر.

قارىغۇ كۆز قىسالماس،
چولاق مىشقىرالماس.

قارىغۇ مۈشۈككە ئۆلۈك چاشقان ئۇچراپتۇ.

قارىغۇنىڭ تىلىكى ئىككى كۆز.

قارىغۇنىڭ چاپاق ئادىشى بار.

قارىغۇنىڭ كۆزى كۆرمىسىمۇ كۆڭلى تۇيار.

قارىغۇنى يار بويىدا قىستاپتۇ.

قارىغۇ ئېشەككە تۇزلۇق سۇ،
قاتتىق نانغا مۇزلۇق سۇ.

قوتۇر كالىغا مۈڭگۈز ياراشماس.

كۆزى يوقنىڭ ئۆزى يوق.

كېكەچ سۆزلىسە، ئېغىز ئاچۇرماس.

گاچا قىزنىڭ تىلىنى ئانىسى ئۇقار.

گاس بىلەن ئورتاق بولدۇم،
گەپ ئاڭلىتالماي پورداق بولدۇم.

گاس گەپكە ئارىلاشسا،
قارىغۇ پال سالار.

گاس گۇمانخور كېلەر،
ئوغرى قەسەمخور.

مايماق توكۇرنى دوراپتۇ.

مەككىدىمۇ شۇ تاز،
مەدىنىدىمۇ شۇ تاز.

ھاسا ــ قارىغۇنىڭ كۆزى.

ھەر كاللىدا بىر خىيال،
تاز كاللىدا مىڭ خىيال.

ھۇكەر يانغا ئۆتسە، يازغا تەۋە،
تۇماق گەدەنگە چۈشسە، تازغا تەۋە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئون تازنىڭ توققۇزى ھەييار،
ئون سوقۇرنىڭ توققۇزى مەككار.

ئۇراي-دېسەم، قولۇم چولاق،
تېپەي دېسەم، پۇتۇم توكۇر.

ئېرى تاتۇقنىڭ خوتۇنى پۇچۇق.

ئىچ مايماقنى ئېلىپ قاچ،
تاش مايماقنى تاشلاپ قاچ.

ئىككى سەتتىن گۇلدەستە تۇغۇلار.

ياخشى ئاتتا بىر ئەيىب.

يېشىل كۆلدە غاز ئويناپدۇ،
چىۋىن بىلەن تاز ئويناپدۇ.

## ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە تەربىيە توغرىسىدا

ئاپتاپ تۇرۇپ يامغۇر ياغقاننى كۆردۈم،
كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇرۇشقاننى.

ئاتا باشلىمىغاننىڭ پوردىقى چوڭ،
ئانا باشلىمىغاننىڭ ئەمچىكى (چوڭ).

ئاتا كۆرگەن ئوقىيا ياسار،
ئانا كۆرگەن كىيىم پىچار.

ئاتىسى ئاتمىغان قوڭغۇزنى،
بالىسى ئېتىپتۇ توڭگۇزنى.

ئاتىسى بولۇشقاقنىڭ ئوغلى ئۇرۇشقاق،
ئانىسى بولۇشقاقنىڭ قىزى يىغلاڭغۇ.

ئاتىسى تۇرۇپ ئوغلى سۆزلىگەندىن بەز.

ئاتىسىنى بالىسى دوراپتۇ،
گەپ ئاڭلىتالماي ئانىسى جوراپتۇ.

ئاغزىڭنى ئۆگەتمىگىن كوت ـ كوتقا،
ئىتىڭنى ئۆگەتمىگىن سوك ـ سوكقا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئالداپ يەڭ، بالام،
شىلاپ يەڭ، بالام.

ئانا قوشقاچ پاتقان كاماغا بالا قوشقاچ پاتماپتۇ.

ئەخلاق — ئادەم زىننىتى.

ئەدەپنى ئەدەپسىزدىن ئۆگەن.

ئەركە بالا — جانغا جازا،
چوڭ بولغاندا بالا - قازا.

ئەركىلىتىۋەرسەڭ ئېشەككىمۇ مۈڭگۈز چىقىدۇ.

باش بويۇن بىلەن،
بالا ئويۇن بىلەن.

بالاڭنى مەكتەپكە بەر،
بولمىسا مەشرەپكە بەر.

بالاڭنى مەيلىڭگە قويۇپ بەرسەڭ، بېشىڭغا چىقار،
چىۋىننى مەيلىگە قويۇپ بەرسەڭ ئېشىڭغا چىچار.

بالىنى ئالدىدا يۇرۇپ باق،
كالىنى كەينىدە يۇرۇپ.

بالىنى ياشتىن ئۆگەت،
خوتۇننى باشتىن.

بىتى ئەدەپ كۆرمىگەن،
كۆتى تاھارەت (كۆرمىگەن).

پۇتالمىغان ياغاچ پۇتاقلىق.

پۇل يىغقان باي ئەمەس،
نەپسىنى يىغقان باي.

پىرىگە قاراپ مۇرىت بولار،
ساقالغا قاراپ بۇرۇت.

تەربىيە باشتا قاتتىق بولسا، ئاخىرى تاتلىق بولار.

تەرتىپنى سەن تاپمىساڭ،
تەرتىپ سىنى تاپىدۇ.

تەلىم بېرىش ئۈچۈن تەلىم ئال.

توخۇنى تاخ دىمە،
مۇشۇكنى پەش (دىمە).

تىلىگەننى تىلىمەڭ،
مۇتتەھەمنى يۆلىمەڭ.

چۇمۇلىنىڭ پۇتىدىن ئۆگەن،
قۇشقاچنىڭ تىلىدىن.

چىراي كۆرۈپ ھال سورا.

خامنى بۇزغان شانىسى،
قىزنى بۇزغان ئانىسى.

خۇشامەتچى بولماي دېسەڭ، تەمەگەر بولما.

زېرىككەك بولماڭ، تېرىككەك بولماڭ.
كۆڭۈلچەك بولماڭ، ئېرىنچەك بولماڭ.

قولۇڭنى سوزغان يەرگە پۇتۇڭنى سوزما.

كالاڭغا كۆڭۈل بۆلگۈچە،
بالاڭغا كۆڭۈل بۆل.

كۆلمە كىشىنىڭ دەردىگە،
ئۆزۈڭگە كېلەر ئەتىگە.

كىشىنىڭ ياخشىلىقىنى كىشىگە دە، ئۆزىگە دېمە.
كىشىنىڭ كەمچىلىكىنى ئۆزىگە دە، كىشىگە دېمە.

موماي باقان بالا ـــ تامدىن سەكرىگەن كالا.

نەسىھەت ئاچچىق، مېۋىسى تاتلىق.

هارغاندىن هال سورا، گەپ سورىما.

هايات چېغىمدا تىللىما،
ئۆلگىنىمگە يىغلىما.

ئوغلۇڭ ئۆسسە، ئۇلۇغلار بىلەن قوشنا بول،
قىزىڭ ئۆسسە قىلىقلىقلار بىلەن.

ئۇراي دېسەم يالغۇز بالام،
ئۇرماي دېسەم ياۋۇز بالام.

ئۆلگەننىڭ ئەيىبىنى كوچىلىما.

ئېشەك تەخىيگە ئېشەكلىكتىن باشقىنى ئۆگەتمەس.

ئېشىكى كەينىدە، تەخىيى ئالدىدا.

ئىشىك ئوچۇق بولسىمۇ سوراپ كىر.

ياخشىدىن ئۆگەن، ياماندىن يىرگەن.

ياغاچنى رەندە تۈزەيدۇ،
ئادەمنى تەربىيە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# زىبۇ ـ زىننەت ۋە ياسانچۇقلۇق توغرىسىدا

ئادەمگە كىيىم كېرەك،
شەھەرگە جىرىم.

ئادەمنىڭ سۆلىتىگە قارىما، ئەمگىكىگە قارا.

ئارپا ـ تېرىق ئاش ئىكەن،
ئۈنچە ـ مارجان تاش ئىكەن.

ئاناڭنى داداڭغا پەردازسىز كۆرسەتمە.

ئايالنىڭ كىيىمى پۈتمەس،
هارۋىنىڭ جابدۇقى (پۈتمەس).

ئەستىرىدىن پەۋىزى چوڭ.

باش كىچىك، تۇماق يوغان،
بەل كىچىك غىلاپ يوغان.

تاغنىڭ زىننىتى قورام تاش،
ئادەمنىڭ زىننىتى ئۈستىباش.

تېشى پال ـ پال، ئىچى تال ـ تال.

چاچنىڭ ئۇزۇنى ئۇلاق،
سۆزنىڭ سۆزۈكى بۇلاق.

خۇرۇم چاپان، بۇدۇر چاچ،
ئۈچ كۈن بولدى قورساق ئاچ.

دۆلەت كەتسىمۇ كەتسۇن،
سۆلەت كەتمىسۇن.

دۆلەتمەن بولساڭمۇ سۆلەتمەن بولما.

رەڭمۇرەڭ بولاي دەيمەن،
ھېچنېمە رەڭ بولالمايمەن.

سۇ كېتىدۇ، تاش قالىدۇ،
ئوسما كېتىدۇ، قاش قالىدۇ.

قاپاقنى پۇلغا ئالماي، باراڭنى پۇلغا ئالار.

قارا قىز سوپۇنغا ئامراق.

قۇرۇق سۆلەت، ياغاچ پەشمەت.

قىزنىڭ كۆزى قىزىلدا.

قىزنىڭ كۆزى ئوسمىدا،
تازنىڭ كۆزى پوسمىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كۆلنىڭ يارىشىقى تال،
قىزنىڭ يارىشىقى خال.

كېپىنەك پەرۋانە بولماس،
ياسانچۇق مەردانە (بولماس).

كېپىنەك گۈلگە ئامراق،
ياسانچۇق كىيىمگە.

مېنىڭ كۆڭلىكىم سۆسۈن،
كۆرمىگەنلەر كۆرسۇن.

ئۆتمەس پىچاق ئاسقۇچە،
چىشلەپ يېگەن ياخشىراق.

ئۆزى بىر غېرىچ، ساقىلى ئىككى غېرىچ.

ئېشىككە يارىشا توقۇمى.

ئېشىكى ئۈچ تەڭگە،
توقۇمى بەش تەڭگە.

ياسانچۇق مۈزلىمايدۇ، تىترەيدۇ.

ياغاچ پىچاققا تۆمۈر غىلاپ.

## ئىشق ـ مۇھەببەت ۋە چىراي توغرىسىدا

ئاشىقچىلىقتا ئۆلۈم كۆزگە كۆرۈنمەس.

ئاشىققا باغدات يىراق ئەمەس.

ئاشىقلىق ئاسان، جۇدالىق تەس.

ئاقىنىڭ سەتلىكى بىلىنمەس،
قارىنىڭ چىرايلىقلىقى (بىلىنمەس).

ئاي دېسە ئاغزى بار،
كۈن دېسە كۆزى بار.

ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن،
ئەقىدەمگە يىغلايمەن.

ئەرنى ئېزىتقۇچى خوتۇن.

ئەل ئارسىز بولماس،
يىگىت يارسىز (بولماس).

بازاردا مىلىڭ كىشى،
كۆڭۈلدە بىر كىشى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

باشتا ئوتتەك قىزىپتۇ،
ئاخىرىدا پوقتەك سوۋۇپتۇ.

بوۋاق سۆيگەننى بىلمەس،
نادان كۆيگەننى (بىلمەس).

بوينىنى ئېگەلمىسەڭ، قولىنى سۆي.

بېشىڭنى كىم سىلىسا ماشايىخىڭ شۇ،
يېنىڭدا كىم ئولتۇرسا، چىرايلىقىڭ شۇ.

بىر بىلەن يۈرگەن ياخشى قىز،
ئون بىلەن يۈرگەن پاخشى قىز.

بىر كەپتەردە قىرىق قىزنىڭ نازى بار.

بىر يۈرەككە ئىككى يار سىغماس.

پاختەكتە بار كۆڭۈل تورغايدا يوقمۇ؟

تاشلاپ قاچىدىغان قىز بار،
ئېلىپ قاچىدىغان جۇۋان.

تالالىقى بار، ئۆي ئىچىلىكى يوق.

تەڭ تېگى بىلەن،
تېزەك قېپى بىلەن.

جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتمەس.

چېچىدا ئۆلىقى يوق،
يۈزىدە يامىقى (يوق).

چېكىشمىگۈچە بېكىشمەس.

چىرايغا چاي قۇيۇپ ئىچكىلى بولماس.

چىراي كۆيدۈرەر، خۇلق سۆيدۈرەر.

چىرايلىقتا ۋاپا يوق.

چىرايلىق چىرايلىق ئەمەس، سۆيگەن چىرايلىق.

چىرايلىقنىڭ چىقىمى تولا.

چىرايلىقنىڭ ئوتى يامان،
سەتنىڭ ھالى.

چىرايلىق يۈزدە ئەمەس، سۆزدە.

چىرايىڭنىڭ سەتلىكىگە ئەينەك ئەيىبلىك ئەمەس.

چىغرىقچى چىگىت دەيدۇ.
چوكانلار يىگىت (دەيدۇ).

خوتۇن كىشى مۇھەببەتنى قىرىق يىل ساقلار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

خېرىدارىڭ بولمىسا، زىبالىقىڭ نە كېرەك.

خىل خىلىدا ياخشى،
پىچاق قىنىدا.

زاھىتلىقتا سەللە نە كېرەك،
مۇھەببەتكە دەللە (نە كېرەك).

ساغاندا[1] سانى كۆردۈم،
يەكەندە يارنى.

سۆيدۈرگەنمۇ تىل،
بەزدۈرگەنمۇ تىل.

سۆيگەن ئۇتتەك ئىسسىق،
سۆيمىگەن پوقتەك سېسىق.

سۆيگەن يارىم سەن بولساڭ،
كۆرگەن كۈنۈم نېمە بولار؟

سۆيمەك ئاسان، كۆيمەك تەس.

سۆيمەيدىغان خوتۇن يوق،
كۆيمەيدىغان ئوتۇن (يوق).

سۆيمىگەنگە سۈركەلمە.

شەرتى كېتىپ، پەرتى قالدى.

① ساغان ـــ گۈمىنىڭ بىر يېزىسى.

قاش بىلەن كۆز جايىدا بولسا، باشقىسى بازاردا بار.

قۇلاق كۆزدىن ئاۋۋال ئاشىق بولار.

قىز تارتىنچاق كېلەر،
يىگىت غەم يېمەس.

قىزدىن ئارتۇق جۇۋان بار،
ئاتتىن ئارتۇق غونان (بار).

قىزغا قۇچاق لازىم،
قويغا پىچاق.

قىزنىڭ سۆيگىنىگە ئىشەنمە، كۆيگىنىگە ئىشەن.

قىزنىڭ ياخشىسى كېلىن بولغاندا بىلىنەر.

كۆرسەڭ كۆزگە دورا،
سۆيسەڭ يۈرەككە.

كۆرۈپ ئەسلىمەي، ئەسلەپ كۆر،

كۆز كۆردى، كۆڭۈل سۆيدى.

كۆز كۆرمەي، كۆڭۈل سۆيمەس.

كۆزگە سىغقان كۆڭۈلگە سىغار.

كۆڭۈل ئاغرىقىنى كۆڭۈل بىرىپ ئال.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كۆڭۈل دېگەن پادىشاھ،
كۆيۈپ قالسا تارتىشار.

كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە يول بار.

كۆڭۈلسىزگە كۆڭلەك كىيگۈزمەپتۇ.

كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەر.

كۆيگەن جۇۋانغا ئات تېزىكى ئاي كۆرۈنەر.

كۆيگەنگە كۆي، كۆرۈنگەنگە كۆيمە.

كۈندۈزى ناخشا ئېيتقان دەردى بار كىشى،
كېچىسى ناخشا ئېيتقان يارى بار كىشى.

كىمنى سۆيسەڭ شۇ چىرايلىق.

كىمنىڭ يارى كىمگە قالماس،
كىمنىڭ مېلى كىمگە.

كىيىك ئوۋلاپ تاغقا چىق،
يارنى ئىزدەپ باغقا.

گۈگۈم ۋاقتىدا قىز كۆرمە،
قاش ـ كۆزىنى ئۈز كۆرمە.

ماڭا كۆيگۈچە بالاڭغا كۆي،
مېنى سۆيگۈچە ئېرىڭنى سۆي.

مانتىغا پىياز، سامسىغا تۇز،
ھەركىمنىڭ يارى ئۆزىگە ئۇز.

مەندىن ياخشىنى تاپساڭ، ئۇنتۇپ قالارسەن،
مەندىن يامانىنى تاپساڭ ئەسكە ئالارسەن.

مەيلى بارغا مايىل بول.

مەيلىڭ بولسا مەيخانە،
پۇلۇڭ بولسا سەيخانە.

مۇھەببەت چىراي تاللىماس،
ئۇيقۇ جاي (تاللىماس).

مۇھەببەت — كۆرۈنمەيدىغان ئوت، تۈگىمەيدىغان دەرد.

مۇھەببەتنى سېتىۋالغىلى بولماس.

مۇھەببەت ئۆلۈمنى يېڭەر.

مىڭ پىراقىڭدىن بىر ئەلىمىڭ يامان.

ناز قىزغا يارىشار،
غاز كۆلگە.

ھەپسىلى يوق ئىشق ئوتىدىن،
جېدىلى يوق كۆڭۈل تىنچلىقى ياخشى.

هەر كىمنىڭ ئۆزىگە،
ئاي كۆرۈنەر كۆزىگە.

ھەممە چوكان يازدا چوكان،
ئەسلى چوكان — قىشتا چوكان.

ئوتىغا چىدىغان ئوينايدۇ،
پۇلىغا چىدىغان چايىنايدۇ.

ئوينىغىلى قىز ياخشى،
تېيىلغىلى مۇز ياخشى.

ئوينىمايدىغان جۇۋان يوق،
قاينىمايدىغان قازان (يوق).

ئۆپكىدە غىژ - غىژ،
يۈرەكتە پىژ - پىژ.

ئۆزى كەتكەن يارەي،
ئۆزى كەلگەن يارەي.

ئۆلۈمدىن قورققان-ئاشىق ئەمەس.

ئۇزۇككە كۆز كېرەك،
قىزغا سۆز.

ئىچى كۆيمىگەننىڭ كۆتى قىچىشماس.

ئىشق ئوتى پۇۋلىگەنگە ئۆچمەس.

ئىشقى يوق ئىشەك،
دەردى يوق خەشەك.

ئىشقى يوق ياردىن ئىسسىق ئوچاق ياخشى.

ياخشى يارغا ئەلچى كېرەك ئەمەس.

يارنى تاپقاندا گەپ يوق،
گەپنى تاپقاندا يار يوق.

يارنىڭ سۆرىتىگە قارىما، خۇلقىغا قارا.

يار ئوتىنىڭ يارىسى يوق.

يار ئۆچۈن يېگەن تاياقنىڭ يارىسى يوق.

يارىم چىققى تالاغا،
مېنى قويدى بالاغا.

يارىمنىڭ تىللىغىنى — چىللىغىنى.

يارىم ئىشقى بىلەن كۆيدۈرەر،
نازى بىلەن ئۆلتۈرەر.

يارىم يامانلىغانغا خۇش،
مەن قۇتۇلغانغا.

يالغۇزلۇقتا يار ياخشى.

ياماننىڭ ئوتى يامان.

يامغۇر ياغمىغان ئۆگزە يوق،
قوزۇق قاقمىغان تام (يوق).

يان يەرنى شامال قاقىدۇ،
چىرالىقنى ھەركىم باقىدۇ.

يۆگىمەچ ئۈنىدۇ تېرىمىسىمۇ،
كۆڭلى بار كېلىدۇ چىللىمىسىمۇ.

يۈز يۈزگە چۈشىدۇ،
مېھىر كۆزگە.

يېڭى ئىدىشنىڭ سۈيى تاتلىق.

يىگىتلىككە ھەشەم كېرەك،
ھاجىلىققا ھەرەم.

يىگىتنىڭ مەردلىكى كەلگۈچە،
جۇۋاننىڭ سېخىيلىقى تۈتۈپتۇ.

## ئائىلە، ئاتا ـ ئانا، ۋە پەرزەنت توغرىسىدا

ئاتا ـ ئانا ــ بالىنىڭ ئەينىكى.

ئاتا ـ ئانا چۈمۈلىدەك يىغىدۇ،
بالىلار توخۇدەك چاچىدۇ.

ئاتا ـ ئاناڭنى باقساڭ بالىلىرىڭدىن خوۋلۇق كۆرىسەن.

ئاتا ـ ئاناڭنى بېشىڭدا كۆتۈر،
بالىلىرىڭنى قولۇڭدا.

ئاتا ـ ئانام بولسا،
ئاغزى ـ بۇرنى بولمىسا.

ئاتا ـ ئانام يانچۇقۇمدا،
ئۇرۇق ـ تۇغقانساندۇقۇمدا.

ئاتا ـ ئانا يوشۇرغاننى بالا ئاشكارىلايدۇ.

ئاتا بولمىغۇچە ئاتا قەدرىنى بىلمەس.

ئات ئاتىدىن، ئادەم ئانىدىن.

ئاتا قارغىشى ئوق،
ئانا قارغىشى دوق.

ئاتاڭغا نېمە قىلساڭ، بالاڭدىن شۇنى كۆرىسەن.

ئاتاڭنىڭ نەسىھەتىنى بالاڭغا يەتكۈز.

ئاتاڭنىڭ ئىززىتىنى قىل،
ئاناڭنىڭ خىزمىتىنى قىل.

ئاتاڭ ئۆلگۈچە، ئىتىڭ ئۆلسۇن.

ئات ئالساڭ، ئاي كېچەش،
خوتۇن ئالساڭ يىل.

ئات ئالساڭ بويىنى كۆر،
خوتۇن ئالساڭ خۇيىنى.

ئاتامدا بولغۇچە، ئالىقىنىمدا بولسىچۇ.

ئاتامنىڭ تاپقىنى ئانامنىڭ بارىكاللىسىغا يەتمەپتۇ.

ئاتا ئۆلمەي، ئاتا قەدرىنى بىلمەس.

ئات ئورۇقلۇقتا بۇزۇلار،
خوتۇن غېرىبلىقتا.

ئاتىسىزنى كۈيۈئوغۇل قىلما،
ئانىسىزنى كېلىن (قىلما).

ئاتلىق ئوغۇل ـــ خوجىلىق قۇل.

ئاتىنىڭ كۆڭلى بالىدا،
بالىنىڭ كۆڭلى دالىدا.

ئاتىنىڭ ھورى بالىنىڭ دولىسىنى ئىسسىتالماس.

ئاجراشقاننىڭ كۆتى ئېچىلار،
ئاجراشمىغاننىڭ بەختى (ئېچىلار).

ئاچلىقتىن ئۆلسەڭمۇ، ئاتا ـ ئاناڭنى تاشلىما.

ئادەمنىڭ مېۋىسى ـــ بالا.

ئاشناڭغا ئىشىنىپ ئەرسىز قالما.

ئاغىچا خوتۇن ـــ خوتۇن ئەمەس،
مەڭگەن، خازان ـــ ئوتۇن ئەمەس.

ئالتۇن باشلىق داداڭ بىلەن قالغۇچە،
پاخما باشلىق ئاناڭ بىلەن قال.

ئانا ئايىغىدا جەننەت بار.

«ئانا» دىن ئۇلۇغ سۆز يوق.

ئانا كۆرۈپ قىز ئال،
قىرغاق كۆرۈپ بۆز ئال.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاناڭ ئۆگەي بولسا، تويۇڭ بۇزۇلار.

ئانىدىن ئالتە تۇغۇلساڭمۇ، ئۆتتۇدىغىنىڭ يالغۇزلۇق.

ئانىسى پۈتمىسە، قىزى پۈتمەس.

ئانىسى تەپكەن موزاينىڭ جېنى ئاغرىماس.

ئانىسى ئويلاپ يۈرىدۇ،
بالىسى ئويناپ (يۈرىدۇ).

ئانىسى ماختىغان قىزدىن قاچ،
قوشنىسى ماختىغان قىزنى ئال.

ئانىغا يىغا، بالىغا كۈلكە.

ئەتىيازنىڭ ئاپتىپىغا كېلىنىڭنى سال،
كۈزنىڭ ئاپتىپىغا قىزىڭنى.

ئەردىن چىققان ئەرگە ئامراق،
يەردىن چىققان يەرگە.

ئەرسىز خوتۇن — يۈگەنسىز ئات.

ئەر قەيەردە بولسا، خوتۇن شۇ يەردە.

ئەركە بالا — جانغا جازا،
چوڭ بولغاندا بالا - قازا.

ئەر كۆنلىسە ئۆي تۈزۈلەر،
خوتۇن كۆنلىسە ئۆي بۇزۇلار.

ئەر كىشى قازان بېشىغا ئارىلاشسا، سۇپىرىدا ئۇن قالماس.

ئەر كىشى ــ مۇز تاغ،
خوتۇن كىشى ــ ئاپتاپ.

ئەرگە خوتۇننىڭ يېتى يوق،
ئوچاققا ئوتۇننىڭ (يېتى يوق).

ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەر قىلغانمۇ خوتۇن.

ئەرنىڭ جەددى تۆردە ئولتۇرۇپ ئاچ چىقىدۇ،
خوتۇننىڭ جەددى مانتىدا[1] ئولتۇرۇپ توق چىقىدۇ.

ئەسكى چاپان يامغۇردا ياخشى،
ئەسكى خوتۇن ئۆلگەندە.

ئەلگەك كۆتۈرگۈچىلىكىڭ بولسا ئەرگە تەگ.

بار ـ يوقى بىر بالام،
باش ـكۆزى تاز بالام.

باغلاقتا تۇرمىغان ئىت كەسكىدە[2] تۇرار،
ياخشىدا تۇرمىغان خوتۇن ئەسكىدە تۇرار.

① مانتا ــ ئوچاقنىڭ ئالدى.
② كەسكە ــ ئىتنىڭ بوينىغا باغلاپ قويۇلىدىغان تاياق.

بالا ئانىسىنى يامان دېمەس،
ئىت ئىگىسىنى.

بالا بار چاغدا ئاتا ـ ئانا ئوغرى بولار.

بالا بالا بولغۇچە، ئانىسى موما بولار.

بالا بىزنىڭ، ئەقىل ئۆزىنىڭ.

بالا تۇغۇلغۇچە، تام قورۇلغۇچە.

بالا كىچىكىدىن مەلۇم،
تېرىق قولىقىدىن.

بالاڭغا بېرىپ باق،
ئارقىدىن تىلەپ باق.

بالاڭ ئۆلسە ئەرگە باق،
ئېرىڭ ئۆلسە يەرگە (باق).

بالا ئۆمىلىگەندە ئۆمىلىتەر.

بالا يىغلاپ چوڭ بولار،
قاپاق ساڭگىلاپ.

بالىدىن نەۋرە تاتلىق،
جىگدىدىن گۈلە (تاتلىق).



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بالىسى بارنىڭ گېلى چويلا،
بالىسى يوقنىڭ گېلى كويلا.

بالىسىزنىڭ مېلى هارام،
ئىمانسىزنىڭ جېنى.

باللىرىم ئۆششاق، پۇتۇمغا چۇشەك.

بالىلىق قاغىغا يەم تەگمەس.

بالىلىقنىڭ بالىسىنى باققۇچە، ئىشىنى قىل.

بالىلىقنىڭ كۆڭلى ياش،
بالىسىزنىڭ باغرى تاش.

بالىلىق ئۆي بازار،
بالىسىز ئۆي مازار.

بالىنىڭ بېشى بايلىق.

بەرمەس قىزنىڭ تويلۇقى ئېغىر.

بەش بالامنىڭ ئانىسى چوكان سىيكىلەك.

بويتاقنىڭ ئەقلى ئىككى كۆزىدە.

بىرىنغا خوتۇن ئىگە، يوقىنغا ئەر.

بېشىڭ ئىككى بولمىغۇچە،
قاچاڭ ئىككى بولماس.

بىر باشقا بىر بۆك لازىم.

بىر پېلەكتە يۈز خەمەك.

بىرگە تەگكەن ياخشى،
ئىككىگە تەگكەن پاخشى،
ئۈچكە تەگكەن باخشى.

پۇلسىز ئەر خوتۇنغا جىن كۆرۈنەر.

پىيازنىڭ كۆكىگە قارىما، بېشىغا قارا،
ئۆگەينىڭ گېپىگە قارىما، بەرگەن ئىشىغا قارا.

تاز بولسىمۇ مېنىڭ ئاتام.

تاز دېمەي تېگىۋال،
ماز دېمەي كىيىۋال.

توي يات بىلەن ياخشى،
بەيگە ئات بىلەن.

تۇغۇلغانىنىڭ رىزقى بىللە تۇغۇلار.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تۆغۇۋالمىغۇچە بالا بولماس،
سىيتىۋالمىغۇچە كالا (بولماس).

تۆنجى تۇغۇتنى ئېرى تۇغدۇرۇپتۇ.

تۆت بۇلۇڭ، بىر كۇلۇڭ.

تۆت ئوغلى بارغا ئاتىنىڭ نېمە كېرىكى،
تۆت ئۆچكىسى بارغا باغنىڭ نېمە (كېرىكى).

تېپىشمىغۇچە ئېلىشماس.

تىرىكچىلىكنىڭ بەرىكىتى ياخشى خوتۇن بىلەن.

تىرىك چېغىدا ۋاي دات،
ئۆلگەندە پەرياد.

جان ئوت، جان ئەر.

چوڭ ئۆينىڭ ئورتاق،
كىچىك ئۆينىڭ قورداق.

چۆگۈن ئالساڭ چەپچەكلىكنى ئال،
خوتۇن ئالساڭ ئەمچەكلىكنى (ئال).

چۈجە باققان توخۇنىڭ مەيدىسىدە تۈكى يوق.

چۈجىسى بار توخۇ ئۇچالماس.

چۈجىسى كۆپ توخۇغا دان تەگمەس.

چىرايلىقنى تاشلىساڭ تاشلا،
قەدىناسنى تاشلىما.

خانىۋەيران قىلسا قىلسۇن،
داغى پەرزەنت قىلمىسۇن.

خوتۇن ئالساڭ يىراقتىن ئال،
ئېشەك ئالساڭ يېقىندىن.

خوتۇن ئەرگە قارايدۇ، ئەر يەرگە.

خوتۇن تاللىغان خوتۇنسىز قالار،
ئوتۇن تاللىغان ئوتۇنسىز.

خوتۇنغا ئامراق، بالىغا ئۆچ،
قايماققا ئامراق، كالىغا ئۆچ.

خوتۇن قالسا ئەر تاپار،
ئەر قالسا مال تاپار.

خوتۇن قانىتى ئەر،
ئەر قانىتى ئات.

خوتۇن كىشى تىلى بىلەن تۇل بولار،

خوتۇن كىشىنىڭ بېشى —
ئۆينىڭ ئېغىر تېشى.

خوتۇن كىشىنىڭ تۇللۇقىدىن،
ئەر كىشىنىڭ بويتاقلىقى يامان.

خوتۇننى بەزىدە قۇشلا، بەزىدە مۇشلا.

خوتۇننى زېرىكتۈرەي دېسەڭ، ھۆل ئوتۇن ئېلىپ بەر.

خوتۇننىڭ تاپقىنى ئىشىك بېشىدا ئېسىقلىق،
ئەرنىڭ تاپقىنى بوسۇغا تۇۋىگە تاشلاقلىق.

خوتۇننىڭ تۇغقىنى كەلسە، كۆڭلى گۆرۈچ،
ئەرنىڭ تۇغقىنى كەلسە، كۆڭلى ئۇرۇش.

خوتۇننىڭ گېپى غار بولسا،
ئەرنىڭ كۆڭلى خار بولار.

خوتۇننىڭ ئوبدىنى ئېرىنى باقار،
دېھقاننىڭ ئوبدىنى يېرىنى (باقار).

خوتۇنۇڭ بېشەم بولسا،
سەن بىغەم بول.

خوتۇنۇم ئۆلدى — قامچام سۇندى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

خوتۇنى ياخشى شۇمشەيمەس.

خوتۇنى باتۇرنىڭ ئېرى قورققاق.

خوتۇنى يوقنىڭ خۇدى يوق.

دەسلەپكى بىلەن ئۆي تۇتمىساڭ ئۆلگۈچە پۇشايمان.

سامان ئوتۇن بولماس،
جالاپ خوتۇن ( بولماس).

سەن تېرىيسەن، باللىرىڭ ئورۇيدۇ.

سىيلاپ بېقىپ سىيلىغىنىڭدىن بىلدىم،
تىڭشاپ بېقىپ تىنىقىڭدىن (بىلدىم).

قاپىقى ئۇششۇق — ئۆزىگە تۇشلۇق.

قارا قازان قەيەردە بولسا، مەن شۇ يەردە.

قارا قازاننىڭ ئېشى تاتلىق.

قازان ئالساڭ، چېكىپ ئال،
خوتۇن ئالساڭ بىلىپ ئال.

قازانغا چۆمۈچ كېرەك،
تاۋاققا قوشۇق.

قازىنى باشقىنىڭ قايغۇسى باشقا.

قاغا ئېيتار: ئاپئاق بالام،
كىرپە ئېيتار: يۇمشاق بالام.

قاناتلىققا قاققۇزمايمەن،
تۇمشۇقلۇققا چوقۇتمايمەن.

قەدىناستىن ئايرىلما سەت بولسىمۇ،
قەدىم جايدىن ئايرىلما چەت بولسىمۇ.

قۇمۇش ئۆيۈم — كۇمۇش ئۆيۈم.

قۇش بالىسى ئۇۋىدا نېمە يېسە، ئۇچقاندا شۇنى ئىزدەر.

قۇش ئۇچۇپ هارغاندا ئۇۋىسىنى تاپار.

قېرى قىز ئەر تاللىماس.

قىز بالا — سالما تېشى.

قىز بالا — ئۆينىڭ گۈلى.

قىز چوڭ بولسا، كۆز تولا،
ئوغۇل چوڭ بولسا سۆز (تولا).

قىز قېرىسا، نازى بولار،
قېرىغىمۇ رازى بولار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىزلىق ئۆي ــ خان كۆۋرۈكى.

قىزلىق ئۆيگە قىرىق ئات باغلىنار.

قىزى بارنىڭ نازى بار.

قىزىمنىڭ بالىسى ــ ئۆزۈمنىڭ بالىسى،
ئوغلۇمنىڭ بالىسى ــ ۋاي، ئۇنىڭ ئانىسى!

قىزى يارىسا، ئانىسىغا قارىما،
ئېشى يارىسا قاچىسىغا (قارىما).

كەتمەن ئەرنىڭ قولىدا بولغىنى بىلەن،
چۆمۈچ خوتۇننىڭ قولىدا.

كۆپ خوتۇن ئالغان ئەسكى ـ تۇسكى يىغار،
كۆپ ئەرگە تەگكەن يوتقان ـ كۆرپە يىغار.

كۆپ خوتۇن ئالغاننىڭ قەرزى تولا،
كۆپ ئەركە تەگكەننىڭ ئەرزى تولا.

كۆپ خوتۇن ئالغاننىڭ كۈنى تەس،
كۆپ ئەركە تەگكەننىڭ كۆڭلى پەس.

كۆپ خوتۇن ئالغاننىڭ ياقىسى پىت،
كۆپ ئەرگە تەگكەننىڭ كۆڭلىكى چىت.

كېچىسى ئېيتقان سۆز خوتۇننىڭ راست،
كۈندۈزى ئېيتقان سۆز ئاننىڭ راست.

كېلىن بولسىڭىز كېلىنىڭ،
بولمىسىڭىز كېتىڭ.

كېلىنىڭگە نېمە قىلساڭ، قىزىڭدىن شۇنى كۆرىسەن.

كېلىنىڭنى كەلگەندە كۆر،
بۆكىنى كىيگەندە.

كېچىك بالىنىڭ باھانىسى لەگلەك،
خوتۇن كىشىنىڭ باھانىسى ئەلگەك.

گۆش داڭقانغا تۇشلۇق،
خېنىم سالتاڭغا (تۇشلۇق).

مەن كۆيەرمەن بالامغا،
بالام كۆيەر بالىسىغا.

مەن ئۆزۈم ئاتامچە بار،
ئاتام مېنىڭ پوتامچە بار.

مېكىيانىنىڭ ئوي - پىكرى بىر سىقىم تېرىق.

مېنىڭ ئېتىم بىگىلى،
ئەرگە تەگدىم يېگىلى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نىكاھ غايىب، رىزىق غايىب.

نىكاھ ــ ئۆمۈر سودىسى.

ھاپىنىغا شاپىتى، توڭگۇرلىنىقا مەرەزدار.

ھەركىم ھەر كويدا،
تاز خوتۇن ئەر كويىدا.

ھەر كىم ئۆز ئۆيىدە پادىشاھ.

ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقىچە.

ھەر ئۆينىڭ مورىسى باشقا.

ھېيتتا خوتۇن ئالما،
قاراڭغۇدا ئوتۇن (ئالما).

ھېيتتا خوتۇن ئالما،
يامغۇردا ئات (ئالما).

ئوتتۇز ئوغلۇم بولغۇچە،
ئوسۇرغاق ئېرىم بولسىچۇ.

ــ ئوت نەدە كۆيىدۇ؟
ــ تۇل خوتۇننىڭ بېشىدا.

ئوتۇن ئوبدان — خوتۇن ئوبدان.

ئورغاق تۇتۇپ ئاتاڭ قالغۇچە،
ئويماق تۇتۇپ ئاناڭ قالسۇن.

ئوغلۇڭ چوڭ بولسا، يىگىتلىكىڭنى ئالار،
قىزىڭ چوڭ بولسا، چوكانلىقىڭنى.

ئوغلۇم بولسا، مۇنچاقتەك،
قىزلار كېلەر قورچاقتەك.

ئوغلۇمنىڭ بالىسى — بادامنىڭ مېغىزى،
يات قىلغان ئانىسى.

ئوغلۇم يەپ ئوۋغا كەتتى،
قىزىم يەپ قىرغا.

ئوغلى بارنىڭ ئۆزى بار،
قىزى بارنىڭ ئىزى بار.

ئوغلى بار ئوغۇلدىن كۈلمە،
قىزى بار قىزدىن (كۈلمە).

ئوغۇل ئاتىنى دورايدۇ،
قىز ئانىنى.

ئوغۇل بالا — قوش بالا،
قىز بالا — يوق بالا.

ئوغۇل تاغقا ئوخشار،
قىز ــ ئالمىغا.

ئوغۇل تۇغسا، ئۆزىدىن كۆرەر،
قىز تۇغسا، خوتۇنىدىن.

ئوغۇل دادىنىڭ، قىز ئانىنىڭ.

ئوغۇلنى ئاتىسى ساقلىسۇن،
قىزنى ئانىسى.

ئوغۇل ئۆيلىگەندىن قىز ئال،
قىز چىقارغانغا قىز بەر.

ئوڭ قولۇم، سول قولۇم،
ئىككىلىسى ئۆز قولۇم.

ئولتۇرغان قىز لايىقىنى ئۆزى تاپار.

ئويۇن دېگەن ئەرمەك،
خوتۇن دېگەن چەمەك.

ئۇرۇشقاق خوتۇننىڭ ئېرى تېز قېرىيدۇ.

ئۆلگەن ئاناڭ كەلمەيدۇ،
ئۆگەي ئاناڭ ئۆلمەيدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى،
پۇت ـ قولۇمنىڭ بوشلۇقى.

ئۆزۈمنىڭ ئەيىبى ئۆزۈمگە كۆرۈنمەس،
قىزىمنىڭ ئەيىبى كۈزۈمگە (كۆرۈنمەس).

ئۆگەي ئانىنىڭ قۇشلىغىنىدىن،
ئۆز ئانىنىڭ مۇشتلىغىنى ياخشى.

ئۆگەينىڭ ئىتى قۇرۇسۇن،
ئاپتاپتا يېتىپ كۆتى (قۇرۇسۇن).

ئۆي تۇتساڭ بالاغا قالدىڭ،
تۇتمىساڭ تالادا قالدىڭ.

ئۆي تۇتماس خوتۇننىڭ جېدىلى تولا.

ئۆي تۇتمىغاننى ئۆيۈڭگە يولاتما.

ئۆيدە خوتۇن بولمىسا بوران چىقىدۇ.

ئۆيدىن ئۆيگە كۆچسەڭ ئوغلاقلىق ئۆچكە زىيان.

ئۆيۈڭنى گۈل قىلغانمۇ خوتۇن،
كۈل قىلغانمۇ خوتۇن.

ئۆينىڭ چوڭى بولمىسا،
ئۆچكىنىڭ ئىتى ئابدۇراخمان.

ئۆينىڭ خوۋلۇقى ئەر بىلەن خوتۇن،
قىشنىڭ خوۋلۇقى گۆش بىلەن ئوتۇن.

ئۆينىڭ گۈلى — خوتۇن، چىرىغى — ئەر.

ئۆينىڭ ئۆلچىكى بار،
ئوتتۇرىسىدا كۆلچىكى (بار).

ئۆيۈڭدىكى ئەھۋالنى قوشناڭدىن سورا.

ئۆيۈم ھېيتتىكىدەك بولسا،
ئېرىم توي كۈنىدىكىدەك بولسا.

ئېتىڭ يامان بولسا، سېتىپ قۇتۇلارسەن،
دوستۇڭ يامان بولسا، قېچىپ قۇتۇلارسەن.
خوتۇنۇڭ يامان بولسا قانداق قۇتۇلارسەن؟

ئېتىم يانداق، كالام تارتماس،
ئىككى كېلىن بىر ئۆيگە پاتماس.

ئېرىڭگە ئىشەنگۈچە،
ئىشىكىڭنىڭ ئىلغىرىغا ئىشەن.

ئېرىم سۆيمىسىمۇ، قۇچىقىمدا ياخشى،
ئوتۇنۇم كۆيمىسىمۇ، ئوچىقىمدا ياخشى.

ئېرى يەكلىگەننى ئېلى يەكلەر.

ئېيىق بولسىمۇ ئېرىم بولسۇن،
ئۆگكۈر بولسىمۇ ئۆيۈم بولسۇن.

ئىسسىق ئۆيۈم — ئىسسىق ئۆيۈم.

ئىشچان خوتۇن سەھەر تۇرۇپ چېچىنى تارايدۇ،
ھورۇن خوتۇن ۋاقچە تۇرۇپ، كۆلۈگنى كولايدۇ.

ئىشلەمچى خوتۇن — مالاي خوتۇن.
بىكارچى خوتۇن — هاي - هاي خوتۇن.

ئىشىك كۆرگەننى ئالما،
بۆشۈك كۆرگەننى ئال.

ئىناق ئەر - خوتۇن — ئامراق ئەر - خوتۇن.

ئىناق ئەر - خوتۇن پاراغەتتە،
ئۇرۇشقاق ئەر - خوتۇن مالامەتتە.
بالىلىرى رىيازەتتە،
تۇغقانلىرى خىجالەتتە.

ئىنەكنى ساغىدۇ ئانىكام،
قايمىقىنى يەيدۇ بالىكام.

ياخشى ئەر خوتۇن خارلىماس.

ياخشى خوتۇن ئەرگە باشپاناھ.

ياخشى خوتۇن ئەرگە دۆلەت.

ياخشى خوتۇن ئەرنىڭ ئىلكىدە.

ياخشى خوتۇن تۇل ئەمەس،
تۇل بولسىمۇ يىل ئەمەس.

ياخشى خوتۇن يامان ئەرنى ئەر قىلار،
يامان خوتۇن ياخشى ئەرنى يەر قىلار.

يالغۇز قويۇن ئىسسىماس،
يالغۇز ئوتۇن كۆيمەس.

يامان خوتۇن ئالغۇچە،
بويتاق يۈرگىن ئۆلگۈچە.

يامان خوتۇن ئۈزۈلمەس تاسما،
ئۇنداق تاسمىنى بوينۇڭغا ئاسما.

يامان خوتۇن ياقىغا ئېسىلار،
يامان ئىت پاچاققا.

يەر بۇزۇلسا، بۇدۇشقاق بولار،
خوتۇن بۇزۇلسا ئۇرۇشقاق (بولار).

يولۋاس ئارقىسىدىن يۈرسەڭ يۈر،
خوتۇننىڭ ئارقىسىدىن يۈرمە.

يېپىشقان خوتۇندىن قاچ،
قاچقان خوتۇننى قوغلا.

يىراقتىن خوتۇن ئالساڭ ئۇلىغىڭ تىنماس،
يېقىندىن خوتۇن ئالساڭ قۇلىقىڭ تىنماس.

## ئۆرۈق ـ تۇغقان ۋە قۇلۇم ـ قوشنا توغرىسىدا

ئاغىدا قالدىڭ ــ ئېغىلدا قالدىڭ،
يەڭگىدە قالدىڭ ــ يېغىدا قالدىڭ.

ئاكا بار يەردە ئىنى يوق،
ئىنى بار يەردە ئاكا (يوق).

ئاكاڭ بىلەن ئويناشما،
شىللى پاتاڭ يەيسەن.
ئاچاڭ بىلەن ئويناشما،
خېمىر تۇرۇچ يەيسەن.

ئاكا ـ ئۇكىنىڭ ئازارى بولسىمۇ، بىزارى يوق.

ئاكا ـ ئىنى يامان دەپ تۇغقاننى نەدىن تاپىسەن؟

ئالدىدىكى ئۆزنى كۆرمەي،
يىراقتىكى ياتنى كۆرۈپتۇ.

ئەتىگەن تۇرۇپ قوشناڭغا باق.

باجا باجىنى كۆرسە، بەدىنى قىچىشار.

بەدەنگە چاپاندىن كۆڭلەك يېقىن.

بىر كۆرگەن تونۇش،
ئىككى كۆرگەن تۇغقان.

بىرگە بالىسى بار پاتماس،
بىرگە كالىسى بار (پاتماس).

تاغامدىن تاغار ياخشى،
هاممامدىن باداڭ (ياخشى).

تۇغقاندىن يامانلىغان ئەقلىنىڭ يوقلۇقى،
تاماقتىن يامانلىغان قورساقنىڭ توقلۇقى.

تۇغقاننى تاشلىساڭ يات بولار،
تۆمۈرنى تاشلىساڭ دات (بولار).

تۇغقاننىڭ بېغى چىڭ يەردە.

تۇغقانلار يىراقتا بولسا كىشنىشىدۇ،
يېقىندا بولسا، چىشلىشىدۇ.

سىردىشىشقا ئۆز ياخشى،
سۆيۈشۈشكە يات (ياخشى).

قارلىغاچ قارلىغاچقا دان بېرىدۇ،
قېرىنداش قېرىنداشقا جان بېرىدۇ.

قوشنا بولساڭ يۆلەك بول،
بولمىسا بۆلەك بول.

قوشناڭ ساڭا باقمىسا،
سەن قوشناڭغا باق.

قوشناڭ كەلسە ئاشقا،
چىرايىڭ بولمىسۇن باشقا.

قوشناڭ يىغلىغاندا سەن كۈلمە.

قوشنامنىڭ قوشنامغا ياخشى كۆرۈنەر.

قېرىنداشتىن قارىنىم ياخشى.

قېرىنداشنى يۈرەك تونۇيدۇ.

كۆزدىن يىراق ـ كۆڭۈلدىن يىراق.

كۆيۈمى يوق تۇغقاندىن يات ياخشى،
ئىسسىقى يوق كاڭدىن كات ياخشى.

كۈلدە تام بولماس،
كۈيۈ ئوغۇل بالا (بولماس).

كۈيۈ ئوغلۇڭ يامان بولسا قىزىڭدىن كۆر،
كېلىنىڭ يامان بولسا ئوغلۇڭدىن (كۆر).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كۆيۈ ئوغۇل كەلدى ـــ خان كەلدى.

كۆيۈ ئوغۇلنى ئوغلۇم دېسەڭ كۆڭلى خۇش بولار،
كۆلدە تام ئەتسەڭ، ئۆلى بوش بولار.

هاممامنىڭ كەلگىنى ياخشى،
تاغامنىڭ بەرگىنى.

ئوتنى كوچلىساڭ ئۆچەر،
قوشنىنى كوچلىساڭ كۆچەر.

ئويناشسا ئۆكىسى ئۇتار،
چىڭداشسا ئاكىسى.

ئۇرۇق ـ تۇغقان تېپىشار،
ياتقا بالا يېپىشار.

ئۇرۇق ـ تۇغقاننىڭ بېرى ياخشى،
پېتىر ماننىڭ هورى (ياخشى).

ئۇرۇق ـ تۇغقاننىڭ ئۇرۇشى ـــ
تاۋار ـ تورقىنىڭ يىرتىلىشى.

ئۇرۇق ـ تۇغقاننىڭ يىرىقى ياخشى،
ئوتۇن ـ ساماننىڭ يېقىنى.

ئۇرۇق ـ تۇغقان يات بولماس،
ئالتۇن ـ كۈمۈش دات بولماس.

ئۇرۇق ـ تۇغقان يامانلاشسا،
ياتنىڭ مېھرى قاچار.

ئۆزدىن ئاشسا، ياتقا.

ئۆزى يىراق، كۆڭلى يېقىن.

ئۆيدىن چىققانغا ئىت قاۋىماس.

ئۆي سېتىۋالما، قوشنا سېتىۋال.

ۋاپاسىز قېرىنداشتىن، ۋاپادار ئاشنا ياخشى.

ئىككى يەڭگە ئەپ ئەمەس،
ئۆپكە ـ قېرىن گۆش (ئەمەس).

ياتنىڭ ئوتىنى پۈۋلەپ، ساقىلى كۆيۈپتۇ.

ياتنىڭ ياندىن ئۆتەر،
تۇغقاننىڭ جاندىن.

ياتنىڭ يېغى چىقماس،

يات يېگۈچە تۇغقان ئۆلگۈچە.

ياخشى قوشنا دەردكە ھەمدەم،
يامان قوشنا باشقا مىڭ غەم.

ياغ يېگەندە يات،
دەرد تارتقاندا قېرىنداش.

يان قوشنا — جان قوشنا.
يېغى ياندىن قوپار، بالا قېرىنداشتىن.

يېقىن تۇغقان خىزمەتتە.

يىراق تۇغقان ئىززەتتە.

يىراقتىكى تۇغقاندىن،
يېقىندىكى قوشنا ياخشى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## توي - تۆكۈن ۋە مېھماندوستلۇق توغرىسىدا

ئايدا كەلگەنگە ئاياق[1]،
كۈندە كەلگەنگە تاياق.

بارار يېرى بولمىغان، باجىسىنىڭ ئۆيىگە بارار.

بارماقنىڭ كەلمىكى بار.

بارنى ئايىما، يوققا كايىما.

بالدۇر بارغان گۆش يەيدۇ،
كېيىن قالغان مۇشت (يەيدۇ).

بۈگۈن مېھمان، ئەتە خامان.

بېرىڭغا پەتە، يوقىڭغا ئەتە.

توي باھانىسى بىلەن تون پۈتتى.

توي تونلۇقنىڭ، ھېيت ئاتلىقنىڭ.

توي تۈگىگەندە ناغرا چاپتۇ،
قىش تۈگىگەندە زاغرا يەپتۇ.

① ئاياق ــ ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان قاچا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تويــ خۇدانىڭ خەزىنىسى.

توي دېسە، قورۇق كاللا يۈگۈرۈپتۇ.

تويدىن يامانلىساڭ، توي قىلىپ باق.

تويغا بارساڭ بۇرۇن بار،
بۇرۇن بارساڭ ئورۇن بار.

تويغا بارساڭ تويۇپ بار،
بەش بالاڭنى قويۇپ بار.

تويغا بارساڭ تويۇپ بار،
بۆز خالتاڭنى قويۇپ بار.

تويغا بارساڭ تويۇپ بار،
تاۋار ـ تورقا كىيىپ بار.

توي نەغمە ـ ناۋا بىلەن.
ئۆلۈم يىغا ـ زارە بىلەن.

تويىنى بولغاندا كۆرۈڭ،
چاچىپېغىنى سالغاندا.

توينىڭ بولغىنىدىن «بولىدۇ» سى قىزىق.

توينىڭ تاماشىسى ئاز، تالىشىشى كۆپ.

تويىنىڭ نىكاھ پەتىسى بار،
مېھمانىنىڭ كەلدى ـ كەتتىسى (بار).

تويۇڭنى چوڭ قىلغۇچە،
غېمىڭنى چوڭ قىل.

تۇرمىغان مېھمانىنىڭ كەتكىنى ياخشى،
ساقايمىغان ئاغرىقنىڭ ئۆلگىنى.

تۆرنى ئالغان ھېساب ئەمەس،
زەللە ئالغان ھېساب.

چاقىرىلمىغان مېھمان ــ تەلۋىدىن يامان.

چاقىرىلمىغان مېھمان سۆپۈرۈلمىگەن يەردە ئولتۇرار.

خوش ـ خوش دەيسىز، موك ـ موك يەيسىز.

خوشمۇ خوش، داڭقاندا گۆش.

داستىخان مېھمان بىلەن ئاۋات.

سالامچى بولساڭ تۆرگە ئۆت.

سوراپ بەرگۈچە ئۇرۇپ بەر.

سىرىقتالدا كەلگەن مېھمان،
ئوغرى كىرگەندىن يامان.

قونغۇچە مېھمان ئۆيىلار،
قونغاندىن كېيىن ئۆي ئىگىسى.

قىز بالىنىڭ يىغلىغىنى — نازلىغىنى.

قىش ئوچىقى تار،
— قوپ، ئۆيۈڭگە بار.

كەل دېمەك بار،
كەت دېمەك يوق.

كۆرپە سالسا، تىز ئۆيىلار،
داستىخان سالسا، يۈز.

كۆرپە سېلىش — ھۆرمەت،
داستىخان سېلىش — ھىممەت.

كۈتكەندە مېھمان كەلمەس،
ياسانغاندا يىغا.

كۆلكىسى يوق توي بولماس،
يىغىسى يوق ئۆلۈم.

كېلىش مېھماندىن، كېتىش ساھىبخاندىن.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كىيىمنىڭگە قاراپ قارشى ئالىدۇ،
ئەقلىنىڭگە قاراپ ئۇزىتىدۇ.

گاھى ۋاقىتتا مېھمان كېلىدۇ،
مانتا ـ پولۇ ئەتكۈدەك.
گاھى ۋاقىتتا مېھمان كېلىدۇ،
يۇگۇرۇپ قوپۇپ تەپكۈدەك.

مېھمان ـــ ئاتاڭدىن ئۇلۇغ.

مېھمان ئاز ئولتۇرار، كۆپ سىنار.

مېھمان بار چاغدا مۈشۈكنى پەش دېمە.

مېھمان خۇشاللىق ئېلىپ كېلەر.

مېھمان سوراپ يېمەس.

مېھمان ـــ قويدىن ياۋاش.

مېھمانلارنى كايىتىپ،
دۆك تاۋاقنى يېيىتىپ.

مېھمان مېھماندىن قىزغىنىدۇ،
ئۆي ئىگىسى ھەر ئىككىسىدىن.

مېھماننىڭ ئالدىغا ئاش قوي،
ئىككى قولىنى بوش قوي.

مېھماننىڭ كېتىشىنى سورىما، كېلىشىنى سورا.

مېھماننىڭ مەستلىكى — كەيىپ،
ساھىبخانىنىڭ مەستلىكى — ئەيىب.

مېھماننىڭ ئۆزىنى باققۇچە، ئېتىنى باق.

مېھماننىڭ ئېتى بەسى،
ھەپتىدىن ئاشسا سېسى.

مېھماننىڭ ئىززىتى قىلدىن ئىنچىكە.

مېھماننى ئۆيگە سولاپ،
ئۆزى يۇرەر ئەر سوراپ.

مىلەپ يېگەن مېھماندىن قورق.

ئوۋنى ئوۋلا ئوۋچى بىلەن،
توينى ئوينا تويچى بىلەن.

ئۆياتلىق مېھمان كەلگەندە نان تۆگەپتۇ.

ئۆزى كەلسە كەلسۇن،
بۆز خالتىسى كەلمىسۇن.

ئۆزى كەلگەن مېھمان ـــ خۇدايى مېھمان،
قىچقارغان مېھمان ـــ بالايى مېھمان.

ئۆيىنىڭ تۆرىگە قارىما،
ساھىبخانىنىڭ تەرىگە قارا.

ئۆيۈڭ تار بولسىمۇ، كۆڭلۈڭ كەڭ بولسۇن.

ئۆيىدە ئۇگرە پىشۇرمىغان،
تويىدا پولو پىشۇرار.

ـــ ئىتىمنى نەگە باغلايمەن؟
ـــ ئۆيگە كىرسىلە دېگەن تىلىمغا.

ئېيتقان يەردىن قالما،
ئېيتمىغان يەرگە بارما.

ئېيتماقنىڭ ئېتى ئۇلۇغ.

يامان قىزغا ئانىسى ئەلچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## سەپەر ۋە يولداشلىق توغرىسىدا

ئاتلىق يالغۇز ماڭغۇچە، پىيادە بىللە ماڭ.

ئات ئورۇق، يول تايغاق،
يۈك ئېغىر، مەنزىل يىراق.

ئاستا ماڭغانمۇ ماڭغان،
توختاپ قالغان يامان.

ئاستا يۈرگەن تاغ ئاشار،
يۈگۈرگەن باغ (ئاشار).

ئاق يول بولۇڭ،
پاك قول بولۇڭ.

بالا بەلدە، خوتۇن يولدا.

بوسۇغا ـــ داۋان.

بىر سۆزلىشىپ مۇڭداش دېمە،
بىللە مېڭىپ يولداش دېمە.

بىر كۈنلۈك يولداشقا قىرىق كۈن سالام.

بىلگەن يولۇڭنى ئاتاڭغا بەرمە.

پىيادىنىڭ ئىتى چورۇق،
ماغدۇرى ئوزۇق.

چۆلدە تەشنالىق يامان،
يولدا يالغۇزلۇق (يامان).

سەپەرچىنىڭ سەرەڭگىسى ئۇنتۇلار،
ھېچ بولمىسا يىپ- يىڭنىسى.

سەپەر قىلغان يول بىلەر،
كۆپنى كۆرگەن مول بىلەر.

سىنىڭ ماڭغان يولۇڭدىن،
مېنىڭ ئۆتكەن كۆۋرۈكۈم كۆپ.

سىنالمىغان يولداشتىن يولدىكى تاش ياخشى.

قاشاڭ ئات مىنگۈچە،
پىيادە ماڭ ئۆلگۈچە.

قامچىغا كۈچىمەي، يەمگە كۈچە.

قىمىرلىغان قىر ئاشار.

كەتكەن كېلەر، كەتمەنلىگەن كەلمەس.

كۆپ بىلەن ماڭساڭ، ئاۋۇيدۇ يولۇڭ،
يالغۇز ماڭساڭ، هاردۇ پۇت ـ قولۇڭ.

كۆڭلۈڭ يولغا چىقساڭ، ئايلىنىق ئوزۇق ئال.

كىشىنىڭ ئېتى ئات ئەمەس،
ئىككى پۇتۇم يات ئەمەس.

گالۋاڭ يولۇچى قاشاڭ ئات مىنەر.

ماڭغان ـــ دەريا، ياتقان ـــ بورىيا.

ماڭغاننىڭ يولى تۈگەر،
ئولتۇرغاننىڭ كۈنى ئۆتەر.

ئوت كۆرۈنگەن يەرگە بارما،
ئىت هاۋشىغان يەرگە بار.

ئوزۇقلۇق ئات هارماس.

ئېتىڭ هارسا هارسۇن،
ئۆلپىتىڭ هارمىسۇن.

ئىت بىلەن يولداش بولساڭ،
قولۇڭدىن تاياق چۈشمىسۇن.

ئىت قاۋىغان يەردە ئادەم بار.

ئىت ھۈرەر، كارۋان يۈرەر.

يامان بىلەن يولداش بولما،
نادان بىلەن سىرداش (بولما).

يامان بىلەن يول يۈرسەڭ،
يېرىم يولدا قالارسەن.

يامان يولداشتىن تاياق ياخشى،
يامان ئاتتىن ئاياغ (ياخشى).

يامان يولداشتىن يالغۇزلۇق ياخشى.

ياياق كىشىگە يانچۇقمۇ ئېغىر.

يورغا مىنگەن يولدا قاپتۇ.

يول ئازابى ــ گۆر ئازابى.

يولداش يولدا سىنىلار.

يولدا قوشۇلغان يولداش ئەمەس.

يولدىشىغا قارىمىغان يولدا ئۆلەر.

يول سورىغان يولدىن ئازماس.

يول سورىماي يولغا چىقما.

يولغا چىقساڭ ئەتىگەن چىق.

يولغا چىققانىڭ غېمىنى ئۆيدە قالغان يەيدۇ.

يول ماڭغاندا يولداش ياخشى،
ئىش قىلغاندا قولداش (ياخشى).

يولمۇ تاپ، يولداشمۇ تاپ.

يولنى يۈرگەن يېڭىدۇ.

يول يۈرسەڭ باشقا چىق،
سۇ ئۈزسەڭ قاشقا (چىق).

يىراق بولسىمۇ تۈز يول ياخشى،
چولاق بولسىمۇ، ئۆز قول ياخشى.

يىل يۈر، ئامان يۈر.



www.uyghurkitap.com

## غېرىب ـ مۇساپىر ۋە يېتىملىك توغرىسىدا

ئاتىسى ئۆلگەننىڭ ياقىسى يىرتىق.

ئاتىلىق يېتىم — كۆل يېتىم،
ئانىلىق يېتىم — گۆل يېتىم.

بۆدۈنەمنىڭ ماكانى يوق،
نەگە بارسا ۋىتىۋالاق.

دۆ غېرىبنى ئوراپتۇ،
ئۆمىچۈك مۇساپىرنى.

غېرىبسىنساڭ ئوت سىن.

غېرىبنىڭ تەلىپى ئىجابەت.

غېرىبنىڭ ھالىغا غېرىب يېتەر.

كىشىنىڭ يۇرتىغا كىشى كېلىدۇ،
ئارىغا ئالمىسا كىم كېلىدۇ!

كىم چىچتى، غېرىب چىچتى،
يىغىپ چىچماي، يېيىپ چىچتى.

مۇساپىر بولمىغۇچە مۇسۇلمان بولماس.

مۇساپىر ئىتنىڭ قۇيرۇقى ئىچكىرى.

مۇنارنى يېتىمگە يۆلىتىڭ،
جېنىنى مۇشۇككە تۆلىتىڭ.

ھۆپۈپ دۆڭگە چىقسا قۇش يەر،
يېتىم تويغا بارسا، مۇشت يەر.

ئورۇقلۇققا كالا ئۆلمەس،
يېتىملىككە بالا (ئۆلمەس).

ئۆزى ئۆلۈپ، ئۆزى يىغلاپتۇ.

يېتىم بولۇڭدا، تېرىق تولۇمدا.

يېتىم تايدىن يورغا چىقار،
يېتىم بالىدىن دورغا.

يېتىم خۇداغىمۇ ئۆگەي.

يېتىمگە ئاق كۆڭلەك كىيگەن كۈنى ھېيت بولار.

يېتىمنىڭ ئاتىسى بول،
غېرىبنىڭ پوتىسى (بول).

يېتىمنىڭ ئاتىسى يەتتە.

يېتىمنىڭ ئاتىسى يوق،
بېلىدە پوتىسى (يوق).

يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگكەندە،
بېشى تاشقا تېگىدۇ.

يېتىمنىڭ زارى يامان،
قازاننىڭ هورى (يامان).

يېتىمنىڭ كۆنى قانچىدۇر،
چىۋىنگە مۇنارنى يۆلەتكۈنچىدۇر.

يېتىم ئۆز رىزقىنى يەيدۇ،
كىشىنىڭ مىننىتىنى تارتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# تاماق ۋە يېمەك ـ ئىچمەك توغرىسىدا

ئاچ قورساققا ئاچچىقسۇ.

ئاچ قورساققا يېسە، مېغىز تېتىيدۇ،
توق قورساققا يېسە سېغىز (تېتىيدۇ).

ئارتۇق تۇزلاش ئازدىن يامان.

ئاسماندىن ۋەلى چۈشۈپتۇ،
ۋەلىدىن ئاۋۋال گېلى (چۈشۈپتۇ).

ئاش كەلسە ئاغزىڭنى ئاچ،
سۇ كەلسە سۇڭگۇچۇڭنى.

ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ.

ئاش نەرقى ئاسمان.

ئاشنى تاختىغا ئالغۇچە،
چاپاننى پاختىغا (ئال).

ئاش يوق ـــ ئىشتەي يوق.

ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام.

ئەتكەن ئىشنىڭ شۇ بولسا،
ئىسسىتقىنىڭ نېمە بولار!

بۇغداي نېنى ياخشى،
ئېيتقۇزىدۇ ناخشى.

پولو قورۇشتىن، شورپا سورۇشتىن.

پىشمىغان ئاشتىن خام كاۋا ياخشى.

جېنى بارنىڭ گېلى بار.

چاينىماي يېگەن تاماقنىڭ تەمى يوق.

چۆچۈرە چۆرۈلگىچە،
ئۆگرە ئۆرۈلگۈچە.

چۆچۈرە كۆلدە پىشار،
مانتا چۆلدە.

چۆچۈرە يېمەكتىن مەقسەت گۆش يېمەك.

زاغرا نان زەردىنى قاينىتار،
بىر كۈن بولمىسا كۆزنى ئويناتار.

زاغرا نان قېتىققا ياخشى،
قېرى كالا پېتىققا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سىڭمىگەن پولودىن سىڭگەن ئۇماچ ياخشى.

شاپاق ــ شالتاقنى يە، كۆتۈرمە.

شەيتاننى: توپا يەمسەن دېسە،
يېغى بارمۇ دەپتۇ.

قورساق ئاچقاندا خام كۆمەچمۇ تاتلىق.

قورساقنىڭ مەيلىچە بولسا، ئابرۇيۇڭنى قوشۇپ يەر.

قۇرۇق چايدىن كاچات ياخشى.

قۇشناچىمنىڭ ئېشىنى ئوخشاتقان موللامنىڭ ئوتىيېشى.

كاللا يېسەڭ تۇك يەيسەن،
قېرىن يېسەڭ پوق (يەيسەن).

كۆزنىڭ قېتىقىنى كۈيۇ ئوغلۇڭ كەلسىمۇ بەرمە.

گال ـــ تۇۋى يوق غار.

گۆشمۇ گۆش، ئۆپكىمۇ گۆش.

گۆشنى داڭقاندا پىشۇر،
مانتىنى قاسقاندا.

گۆشنى يېسەڭ، چىشقا كىرىدۇ،
يېمىسەڭ چۈشكە (كىرىدۇ).

نان ـــ ئىمان، ناننىڭ يوقى يامان.

نەشپۈتنى نەۋرەڭگە قوي،
شاپتۇلنى مېھمانغا.

ئۇماچ ئىچتىم توق،
ئۆرە قوپسام يوق.

ئۇن، ماي ھەر ئۆيدە بار،
ياخشى تاماق بىر ئۆيدە (بار).

ئۇگرە ئەتسەڭ، تۇزۇك ئەت،
ئېتەلمىسەڭ ئۇزۇپ ئەت.

ياتار قورساق ـــ كېتەر قورساق.

ياخشى تاماقنىڭ ئىشتاھا بىلەن كارى يوق.

ياشلىققىمۇ ئاشلىق كېرەك.

ياغ يەپ، يالىڭاچ يات.

يەپ تۇر، بەك تۇر.

يېگەن كۆرۈنمەس، كىيگەن كۆرۈنەر.

يېگەننىڭ يېلى بار،
يېمىگەننىڭ دەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ھايۋانات ۋە نەرسىلەر توغرىسىدا

ئات ئاتاڭ ئەمەس.

ئات ئاتاڭمۇ ئىشەنچ قىلغىلى،
قاق قوزۇقنى، باغلىۋەت.

ئات ئازغۇنى تايغا ئەگىشەر.

ئات ئالساڭ، مىنىپ كۆر،
چىنە ئالساڭ، چېكىپ (كۆر).

ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپار.

ئات ئايىغىنى تاي باسىدۇ.

ئات ــ ئەر كىشىگە قانات.

ئات ــ بىر قىلىقى يات.

ئات تاپقۇچە ئېشەك مىن.

ئات تاپقۇچە ئېگەر تاپ.

ئاتتىن ئايرىلساڭمۇ، ئېگەر ـ توقۇمدىن ئايرىلما.

ئات ــ مىنگەننىڭ،
قىلىچ ــ ئاسقاننىڭ.

ئاتنى ئات ساقلايدۇ،
ئاچنى ئاچ.

ئاتنى تەپمەيدۇ دېمە،
ئىتنى چىشلىمەيدۇ (دېمە).

ئاتنى توختىتىپ چىچارغا ئۆگەتمە.

ئاتنىڭ ئاقسىشى تاقىدىن،
چاپاننىڭ ئەسكىرىشى ياقىدىن.

ئاتنى ئوقۇردا باق،
ناننى تونۇرغا ياق.

ئاتنىڭ خۇيىنى ئىگىسى بىلەر.

ئاتنىڭ زىنىنىتى ئېگەر، توقۇم.

ئاتنىڭ سۆلىتى يايلىسىدا،
خورازنىڭ سۆلىتى تاجىسىدا.

ئاتنىڭ كىشنىمەيدىغىنى يوق،
ئىتنىڭ چىشلىمەيدىغىنى (يوق).

ئاتنىڭ نوختىسى ئېشەككە توغرا كەلمەس.

ئات ھېرىپ قالسا، بىر پىچاق،
ئېشەك ھېرىپ قالسا بىر چۆچەك قوناق.

ئات ئورۇق بولسىمۇ، يېغىر بولمىسۇن،
گۆش سۆڭەك بولسىمۇ بېغىر بولمىسۇن.

ئات ياتقا كىشنىمەس.

ئات ياخشى تۆگىدىن،
تۆگە ياخشى بېيىدىن،
بىيە ياخشى پىيادىدىن.

ئات يوق يەردە ئېشەكمۇ ئات.

ئات يۆتەلسە ئوقۇر سال،
كالا يۆتەلسە پىچاق (سال).

ئاچ ئېتىم — بار ئېتىم،
توق ئېتىم — يوق ئېتىم،

ئادەم زىننىتى كىيىم،
يەر زىننىتى دەرەخ،
دەرەخ زىننىتى يوپۇرماق.

ئاساۋ ئات ئادەم ئۆلتۈرەر.

ئاق قۇشقاچ چېقىمچى،
قارا قۇشقاچ بېقىمچى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باش ـــ توماقنىڭ قېلىپى.

بايتال بەيگىگە يارىماس.

بوغۇزنى پۈتۈن يېسە، كەينىدىن تۈتۈن چىقار.

بوينى ئۇزۇندىن سورىساڭ، تۆگىدىن سورا،
ساقىلى ئۇزۇندىن سورىساڭ ئۆچكىدىن سورا.

بۇلبۇلغا باغ ياخشى،
كەكلىككە تاغ.

بۆركۆتنى تۈلكىگە قويۇپ بەر،
قارچىغىنى ئۆردەككە.

بېلىق بېشىدىن سېسىيدۇ.

بېلىقنىڭ ئۆزى سۇدا، كۆزى سىرتتا.

بىر ئىت شەپىگە قاۋىسا،
ئون ئىت ئەگىشىپ قاۋار.

پاكار تاغ يايلاققا يارىماس،
قىسقا يىپ كىلمەككە.

پىل بىلەن دوست بولساڭ، پىلخاناڭنى راسلا.

تاۋار ـ دۆردۈن ئاشار، لاي ئاشماس.

تاۋاقنىڭ سىرى كەتسىمۇ سىنى كەتمەس.

تاي ئات بولغۇچە ئەر مات بولار.

توخۇ بىر كېچە ياتقان يېرىگە ئۆگىنەر.

توخۇ ـ توشقان مال ئەمەس،
كاۋا ـ قاپاق تال ئەمەس.

توخۇ توڭغانسېرى دەرەخنىڭ ئۇچىغا چىقار.

توخۇ تويماس، كۆرگەننى قويماس.

توخۇنى پۇتىدىن تۇت،
غازنى بويىنىدىن،
توشقاننى قۇلىقىدىن.

توخۇ ئۇچسا، تامغا قونار،
لاچىن ئۇچسا تاغقا.

تونۇرى سېغىز — نېنى مېغىز.

تۇخۇمنىڭ پۇتى يوق، چۇجىنىڭ بار.

تۆشۈك يانچۇقتىن دوپپا ياخشى.

تۆگەڭ نار بولسا، يۈكۈڭ يولدا قالماس.

تۆگىمۇ تۆگە، مايىقىمۇ تۆگە.

تۆگىنىڭ بۇرغىسى تۇتسا، خۇدىنى بىلمەس.

تۆمۈرنى كۈيە يېمەس.

تۇلكىنىڭ تېرىسى ئۆزىگە دۈشمەن.

جانلىقتىن بېلىق يوغان،
جانسىزدىن قومۇش.

جۇۋاز ئات بىلەن ياخشى،
تۇگمەن سۇ بىلەن.

چاپان ياقىدىن،
تۇگمەن پاقىدىن،
ئۇلاغ تاقىدىن تۈزۈلەر.

چۈجىنىڭ شۇملۇقىدىن توخۇنىڭ ئەمچىكى يوق.

چېلەك ئالساڭ بالداق لازىم.

خۇيىنى بىلمىگەن ئاتقا يېقىن بارما.

قېچىرنىڭ بىگىسىنى سايدا كۆر،
تاماشىسىنى لايدا كۆر.

رەختىنىڭ ياخشىسى تاۋار.
تونىنىڭ ياخشىسى جۇۋا.

زەھەرلىك يىلاننىڭ قاسرىقى ئالا.

سەھەر ھۇۋلىغان ئىتتىن قورق.

سەۋزە كۆتىنى بىخىل ئالسۇن،
پىياز كۆتىنى سىخىي.

سۇ تۆۋەنگە ماڭىدۇ،
تۇتۇن يۇقىرىغا.

سۆلەت تۆگىدە، ھىممەت قويدا.

سىنىمىغان ئاتقا يۇك ئارتما.

سىيىرنى كۆندۇرسەڭ، ئۇستى ئۇلاغ، ئاستى بۇلاق.

قاپاق بىغى بىلەن،
تاسما يىغى بىلەن.

قارا توخۇمۇ ئاق تۇخۇم تۇغىدۇ.

قوغۇننىڭ ئوبدىنى ئۇزۇن پىلەكتە،
چىشنىڭ ئوبدىنى تۆۋەن ئىڭەكتە.

قۇرۇق تۇۋرا ئاتنى ئوسۇرغاق قىلار.

قۇرۇق ياغاچ ئىگىلمەس.

قۇش بالىسى كۆككە قارايدۇ،
قوي بالىسى يەرگە.

قۇشقاچ باسقان يەردىن قاچ.

كالا ئالساڭ تونۇۋال،
تونالمىساڭ تاغىل ئال.

كەكلىك باغقا كۆنمەس،
بۇلبۇل تاغقا (كۆنمەس).

كەڭ كىيىم سۆرىلىپ يىرتىلار،
تار كىيىم تارتىشىپ.

كۆلنى سېسىتقان ئۆردەكنىڭ كۆتى.

كۆيگەن ئوتىنىڭ تۈتۈنى يوق.

گال پىچاقتىن قول ياخشى.

لاچىن قاراپ تاپىدۇ، تۈلكە ماراپ، بۆرە پۇراپ.

ماڭقا ئوقۇردىن بولار،
يېغىر توقۇمدىن.

ماي قاچىسى سىرتىدىن مەلۇم.

مورا دېگەن ئەجدىها.

موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە.

مۈشۈك چۈشىدە چاشقان كۆرەر.

مىلتىقنىڭ ئىچى مورا،
ئۇنى ئېتىلدۇرغان دورا.

مىلتىق ــ ئىچىگە پۇل تىق.

ھارغان ئېشەك يېتىپ ھاڭرايدۇ.

ھارۋاڭ سۇنسا، ئوتۇن بولار،
كالاڭ ئۆلسە گۆش.

ھۆپۈپنىڭ تۇمشۇقى ئۇزۇن،
سېغىزخاننىڭ قۇيرۇقى.

ئوبدىنى كالا، يامىنى توڭگۇز.

ئوچىقىمنىڭ چىشى يوق،
ھۆل - قۇرۇق بىلەن ئىشى يوق.

ئون تال يىڭنىنى سوقسا، بىر تۆمۈنە بولماس.

ئۇچماس توخۇ، كۆچمەس تام.

ئۆتۈكۈڭ تار بولسا،
جاھاننىڭ كەڭلىكىنىڭ نېمە پايدىسى.

ئۆچكە تاغدا پۇل،
ئۈزۈم باغدا.

ئېشەك ئالدىغا چۈشۈۋالسا، ئاتنىڭ مېڭىشى بۇزۇلار.

ئېشەك سەمرىسە ئوقۇرنغا چىچار.

ئېشەك كۈل تاپسا ئېغنار.

ئېشەكنىڭ ھۈنىرى ھاڭراش.

ئېشەكنىڭ ئۆزى ھارام، كۈچى ھالال.

ئېشىكىم ئوبدان ئېشەك،
كۆتۈرىشى تۆت تال كېسەك.

ئىت تويغان يېرىدە ئۇخلار.
قۇش قونغان يېرىدە.

ئىتقا گۆش بەرسەڭ، توپىغا مىلەپ يەر.

ئىت قوغلىسا سۇغا قاچ،
يىلان قوغلىسا، قۇمغا قاچ،
تۆگە قوغلىسا تاغقا قاچ.

ئىت ھاۋشىپ ـ ھاۋشىپ سەھەر ئۇخلار.

ئىنەك سىنلىق ئۆكۈزنىڭ كۈچى بولماس،
ئۆكۈز سىنلىق ئىنەكنىڭ سۈتى (بولماس).

ياخشى ئىت ــ يېرىم مال.

يۈگەنسىز ئاتنى پالۋان مىنسۇن.

يېيىشلىك ئات ھارماس.

يىلاننىڭ بېشىغا ئۇر،
ئىتنىڭ پۇتىغا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# تۆرلۈك ئىجتىمائىي ئەھۋاللار توغرىسىدا

ئاپتاپنىڭ چىقىشىغا باق،
سۇنىڭ ئېقىشىغا.

ئاتا قىساسى بالىغا مىراس.

ئات ئىگىسىنى ئات كەينىگە مىنگەشتۈرمەپتۇ.

ئاچ بۆرە ئالدىدا قوي هامان گۇناھكار.

ئاچچىق - تاتلىقنى تېتىغان بىلىدۇ،
يىراق - يېقىننى يۈرگەن (بىلىدۇ).

ئاچلىقتا تۇتقان قاچاڭنى توقلۇقتا ئۇنتۇما.

ئاچىنىڭ خۇداسى يوق.

ئارتۇقمىنى ئەل ئالسۇن،
قالغىنىنى سەل.

ئارىدا قاڭشار بولمىسا، ئىككى كۆز بىر - بىرىنى يەر.

ئاستىدىكىنى تالايدۇ،
ئۈستىدىكىنى سىيلايدۇ.

ئاشقان ـ تاشقان بارات تازنىڭ.

ئاشلىق كېتىپ چاڭ قالدى،
ماغدۇر كېتىپ جان قالدى.

ئاق ئىت كەتسە، قارا ئىت كېلەر.

ئالەم ـــ دەريا، سىياسەت ـــ كېمە،
كېمىسىز دەريادىن ئۆتمەن دېمە.

ئالدى ئىشكتىن ئادەم پاتمايدۇ،
ئارقا ئىشكتىن پويىز قاتنايدۇ.

ئالۋانغا گالۋاڭنى تۇتۇپ بېرىپتۇ.

ئالتە ئاي ئاتقان پاختام بىر چاپانغا يەتمىدى.

ئانت ئىچكۈچىگە كۆنمىسەڭ،
قان ئىچكۈچى كېلەر.

ئاھ دېسە ئۆپكىسى كۆرۈنەر.

ئاۋۋالقىسىنى خوجا ئالدى،
كېيىنكىسىنى دورغا.

ئايىنىڭ ئون بەشى ئايدىڭ، ئون بەشى قاراڭغۇ.

ئەتە كېلىدۇ، ئۆگۈن كېلىدۇ،
ھەل بولمىسا، سەۋر قىلىدۇ.

ئەجەبمۇ ئەتىۋار تايلاق،
ساڭا تار ئىكەن يايلاق.

ئەجىلى يۇتكەن قۇزغۇن قارچىغا بىلەن ئوينىشار.

ئەسكى تامدا قۇشقاچ تولا،
نامراتقا پۇتلاش تولا.

ئەسكى چاپان ئىچىدە ئادەم بار.

ئەمەلدارغا ھىجىيار، پۇقراغا ھومىيار.

ئەمەلىدىن قورقما، ئەلىمىدىن قورق.

ئەيسامۇ ئۆز يولىدا،
مۇسامۇ ئۆز يولىدا.

ئەيسانىڭ ئەلىمىنى مۇسادىن ئېلىپتۇ.

باش يېرىلسا، بۆك ئىچىدە،
قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە.

بالا ئۆز زامانىغا ئوخشاپ تۇغۇلار.

بەش بارماق تەڭ ئەمەس.

بەش بارماقنىڭ قايسىسىنى چىشلىسەڭ ئاغرىيدۇ.

بەگ بىلەن ئېلىشىپ بولماس،
دەرەخ بىلەن چېلىشىپ (بولماس).

بەيگە قېچىرغا قالدى،
ئۈسسۈل توكۇرغا.

بورانىنىڭ گۈركىرىشىگە تاغ تەۋرىمەس.

بوزەكنى بوزەك ئەتمىسەڭ، قىيامەت كۈنى سورىقى بار.

بوزەكنى تاپسام،
بۇرنىغا يىپ ساپسام.

بوش كەلگەننىڭ بويىنىغا مىنىۋال.

بوغۇزلايدىغان چاغدا قويمۇ تىپىرلايدۇ.

بولغانسېرى بولغۇسى كېلەر.

بۇ دۆلەت سەندە تۇرماس،
بۇ مەينەت مەندە (تۇرماس).

بۇرۇن تاغ ئايلىنىپ كەلسە،
ئەمدى باغ ئايلىنىپ كېلەر.

بۆرە بار يەردە قان بار.

بۆرە قويغا، تۈلكە توخۇغا، مۈشۈك چاشقانغا ياخشى مەسلىھەت كۆرسەتمەس.

بۇگۈن ماڭا كەلدى،
ئەتە ساڭا كېلەر.

بۇگۈنى توق، ئەتىگە يوق.

بېرىشتە سانىقى توققۇز،
ئېلىشتا سانىقى ئوتتۇز.

بېشى يوغان بەگ بولار،
پۇتى يوغان قۇل.

بېگى بولمىسا، دورغىسى بار،
گۆشى بولمىسا، شورپىسى (بار).

بېگىڭگە يەتكۈچە بېلىڭ ئۈشتۈلار.

بېگىم چىقتى ئوردىسىدىن،
قورقۇپ كەتتىم دورغىسىدىن.

بېگىمدىن گۇمان بولدى،
ماڭا ئۇۋال بولدى.

بېگىمگە قوشنا بولساڭ، ئەركىن قۇل بولىسەن.

بېگىم مانتا يېسە، مەن پىياز كېكەردىم.

بېگىمنىڭ خوتۇنى خېنىم بولار.

بېگىمنىڭ كەينىدىن ئالىيىۋالاي.

بېگىم ئۈچۈن خىزمەت،
ئۆزۈم ئۈچۈن ئوقەت.

بېلى ئاغرىماسنىڭ نان يېيىشگە باق.

بېلىق دەريادا سۇغا تەشنا.

بېھىشتىن چىققان كۆك تاياق،
يۈگۈرتىدۇ يالىڭاياق.

بىر تاغار ياڭاقنى ياڭاقچىلىك تاش چاقىدۇ.

بىرگە جازا، مىڭغا ئاگاھ.

پاتقاق كۆلدە لايخورەك[①] پادىشاھ.

پادىشاھ ئادىل بولسا، پۇقرا مايىل بولار.

پادىشاھ بىلەن پادىشاھ
ئۆز ئالدىغا تارتىشار.

① لايخورەك ــ كۆلدە ياشايدىغان بىرخىل قۇش.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پادىشاھ قەلەندەر بولسا، پادىشاھلىقىنى قويماس،
قەلەندەر پادىشاھ بولسا، قەلەندەرلىكىنى قويماس.

پادىشاھلىق ئەل بىلەن،
تۆمۈرچىلىك يەل بىلەن.

پادىشاھنىڭ ئەمرى ۋاجىپ.

پادىشاھنىڭ قۇيرۇقى ئۇزۇن، قولتۇقى كەڭ.

پادىشاھنىڭ كۆزىدە بولغۇچە كۆڭلىدە بول.

پاقىنىمۇ دەسسىسە ۋاق دەيدۇ.

پاكار ئىشەككە ھەركىم مىنىدۇ.

پالتا بار يەردە كەكە تور يېمەس.

پولو بىلەن ياغلاپتۇ،
لەگمەن بىلەن باغلاپتۇ،
ھاراق بىلەن جايلاپتۇ.

پۇقرا يۇمشاق بولسا، ئۇلۇغ يەيدۇ،
ياغاچ يۇمشاق بولسا، قۇرت (يەيدۇ).

پۇل ئالدىدا ئېزىقما،
مەنسەپ دېسە قىزىقما.

پۇلنى يىغار مېنىڭ ئاتام،
سىرقىرايدۇ ئىككى يوتام.

پۈلى بارنىڭ گېپى ئوڭ،
پۈلى يوقنىڭ گېپى توڭ.

پىچاق دەستىسىنى كەسمەس.

پىچاقنى ئاۋۋال ئۆزۈڭگە سال،
ئاغرىمىسا كىشىگە (سال).

تاپقىنىم ناماقۇللۇقتىن ئاشمىدى.

تاختا تىلدىم ئەگرى ـ توقاي،
چېچىمدىن تولا خوجايىن
قايسى بىرىدىن قورقاي.

تاش بىلەن ياڭاق تەڭ بولالماس.

تاغدا كېيىك، يايلاقتا قوي،
بىر جايدا يىغا، بىر جايدا توي.

تالا مۈشۈكى ئۆي مۈشۈكىنى قوغلاپتۇ.

تاماق بېرىپ تامىقىدىن ئىلىپتۇ.

تاۋار ـ تورقا چاپىنىم،
جانغا جازا چاپىنىم.

تەڭرىدىن نالىما، بەندىدىن زەنجىمە.

تەڭشەلمىگەن ئالەم.

تورپىقىمنى كىچىك دېسەڭ، يوغان تاغار ئارتىپ كۆر.

توشقان ئۆلسە، تۈلكە ھازا تۇتۇپتۇ.

توققۇزى تولۇق،
پۈت - قولى بوغۇق.

توقۇناق بالا، ئىلمەك قازا.

توق ئىت ئاچ ئىتنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەپتۇ.

تولا سايرىغان بۇلبۇل قەپەسكە چۈشەر.

تۆل بولساڭمۇ قۇل بولما.

تۇمىقىنى ئال دېسە، بېشىنى كېسىپتۇ.

تۆردىكى بىلەن چېقىشقۇچە،
پەگادىكى بىلەن چىقىش.

تۆرنى مۇشۇك ئالدى، بوسۇغىنى ئىت،
چېقىشنى بۆرگە چاقتى، تۇتۇلدى پىت.

تۆگە ئېتىز بۇزسا، ھېچ گەپ يوق،
توخۇ پالاقلىسا، ۋاراڭ - چۇرۇڭ.

تۆگىنى شامال ئۇچۇرسا،
ئۆچكىنى ئاسماندا كۆرۈڭ.

تۆمۈرنى دات يەيدۇ،
يۈرەكنى ھەسرەت.

تۇتۇننىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلەر.

تۈلكىنى كۆرەڭلەتكەن يولۋاسنىڭ ھەيۋىسى.

تىرىمىغاننىڭ چارىكى چوڭ.

تىرىكىم بىرنى ئۆلتۈرەر،
ئۆلۈكۈم مىڭنى.

جان كۈندە چىچەكلەمدۇ،
قوغۇن كۈندە خەمەكلەمدۇ؟

جېدەل نەدىن كېلەر — تالاشتىن،
بالا نەدىن كېلەر — قاياشتىن.

جېنىدىن تويغان جاھانغا سىغماس.

جىم ئولتۇرساڭ مۆڭ دەيدۇ،
ئېگىز ئولتۇرساڭ دۆڭ دەيدۇ.

چاپىنى بارغا مۇشت ئاتاي،
جۇۋىسى بارغا تور كەتسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چاشقان ئەرز يارسا، مۈشۈك تەستىقلىماپتۇ.

چەككىنىم جەبر – جاپا،
ئاڭلىغىنىم تەنە – تاپا.

چوڭ بىلىق يېنىدا كىچىك بىلىققا كۈن يوق.

چۆگۈن تاشسا، ئۆز بويىنىغا تاشىدۇ.

چۆلنىڭ باغرى يامغۇرغا تەشنا.

چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ.

خان بىلەن ئېلىشساڭ، بېشىڭ كېتەر،
باي بىلەن ئېلىشساڭ، مېلىڭ كېتەر.

خان ــ قوزۇق، پۇقرا ــ ئوزۇق.

خاننىڭ ئاغزى مايمۇن.

خاننىڭ ھاجىتى پۇقراغا چۈشەر.

خوپ دېسەڭ ئۆتىسەن،
ھوپ دېسەڭ يۇتىسەن.

خوجامنىڭ خوجىسى بار،
چامغۇرنىڭ ئورىسى.

خوجامنىڭ قورسىقى توق،
قۇلى بىلەن ئىشى يوق.

خۇپتەندىن قېچىپ، تەرەۋىگە يولۇقۇپتۇ.

خۇدادىن كەلسە كەلسۇن،
خوجىلاردىن كەلمىسۇن.

خۇدانىڭ بەزى كۇنلىرى بار: يەمسەن دېسە — ياق.
بەزى كۇنلىرى بار: يەيمەن دېسە — يوق.

خۇدا ئۇرغاننى خۇدابەردى قوشۇپ ئۇرۇپتۇ.

خۇشامەتچىنىڭ چىشى بولمىسىمۇ سۆڭەك غاجىلايدۇ.

داپچىنىڭ دېپى يېرىلسا، گەردىشى مايمۇنغا
ئويۇنچۇق بولۇپتۇ.

داپمىدى داپلىغىلى،
كەتمەنمىدىساپلىغىلى.

دەرد بار، دەرمان يوق،

دەرد سۆزلىتەر، ئەلەم ئۆلتۈرەر.

دەرد كەلگەندە، دەرمان كېتەر.

دەردمەن كىشى — سۆزمەن كىشى.

دەردى يوق — ئالەمدە يوق.

دەردى يوققا ۋاي چىشىم دېمە.

دەۋا قىرىماس، ئالتۇن چىرىماس.

دەۋاگەر دەۋا قىلماس،
دەۋا قىلسا قۇرۇق قالماس.

دەۋاگەر سۇس كەلسە، قازى مۇتتەھەم بولار.

دوپپامغا پاتقان بېشىم جاھانغا پاتمىدى.

دوتەي بولمىسا، پوتەي بولمايتتى،
پوتەي بولمىسا، قاغا قونمايتتى؛
قاغا قونمىسا، ئېتىم ھۈركمەيتتى،
ئېتىم ھۈركمىسە، دادام ئۆلمەيتتى.

دېسە — لەت، دېمىسە — دەرد.

رەھىمسىزنىڭ قولى قان.

روزىدا گۇناھ يوق،
ھەممە گۇناھ باراتتا.

روزىنى مەن تۇتسام، ھېيت ئۆيىندى باشقىسى.

زارىم بار، زورۇم يوق.

زالىمنىڭ زۇلمىدىن ساقلا،
پادىشاھنىڭ ھۆكمىدىن.

زامانە زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ،

زامان تۈزەلسە، يامانمۇ تۈزۈلەر.

زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق.

زورلۇقنىڭ ئاقىۋىتى خورلۇق.

زېغىر تېرىمىغان يەر قالماپتۇ،
بەگ بولمىغان ئەر (قالماپتۇ).

سار چۈجىنىڭ چۈكۈلدىغىنىغا خۇش.

سارنىڭ چۈجىگە ئىچى ئاغرىماس.

سوراقچىدىن تۆگچى يامان.

سۇ ئەكەلگەن خار،
كوزا سۇندۇرغان ئەزىز.

سۇ باشتىن لاي.

سۇلتان كۈندۈزنى كېچە دېسە،
كۈننى ئاي دېگۈلۈك.

سۈنىڭ ئېقىشىغا باق،
تۆگىنىڭ يېتىشىغا.

سۆزگە دەردمەن ياخشى،
لايغا كەتمەن.

سۆزلىسەڭ، تىلىڭنى كېسىمەن،
قارىساڭ، كۆزۈڭنى تېشىمەن.

سېمىز كالا ئورۇق كالىنىڭ كۆتىنى يالاپتۇ.

شاھلىقتىن يىقىلساڭ ناۋاي بول.

شەھەر تالاشقۇچە، يەر تالاش.

قاپ قوپۇپ تاغارنى يۆلەپتۇ،
ئاغرىق قوپۇپ ساقنى.

قاراڭغۇ دەپ ھاڭۋاقما،
يورۇقلۇقنى ئىزدەپ تاپ.

قارىغۇ ياپلاقنى تاشقا ئۇرسىمۇ ئۆلىدۇ،
تاش بىلەن ئۇرسىمۇ ئۆلىدۇ.

قازاننىڭ گۇۋاھچىسى چۆمۈچ.

قازىدىن قېچىپ، پادىشاھقا ئۇچراپتۇ.

قاغا چوقۇپ بەردى،
بۆرە يەپ بەردى.

قاغىلار قاق ئېتىدۇ،
ئۆز كۆڭلىنى شاد ئېتىدۇ.

قاغىنىڭ كۆزىنى قاغا چوقۇماس.

قاننى قان بىلەن يۇيغىلى بولماس،

قەرزدارنىڭ پادىشاھ بولسا،
ئەرزىڭنى خۇدا ئاڭلىسۇن.

قورساقتا نان بولسا، بىلەكتە جان.

قوشتا يوق، ماشاقتا يوق، خاماندا بار.

قولنى كەسمىگۈچە قان چىقماس.

قول ئىچىگە ئېگىلەر.

قولى سۇنۇقنىڭ دەردىنى قولى ساق بىلمەس.

قوينى سەركە باشلايدۇ،
ئويۇننى ئەركە.

قوي ئۆلەمدۇ، قوزىمۇ؟
كۆپ سۇنامدۇ، كوزىمۇ؟

قۇرت ياغاچنى ئىچىدىن يەر.

قۇلنى بارىكاللا ئۆلتۈرەر.

قۇلنىڭ قۇلى — قۇلاقنىڭ تۈۋى.

قىتىق ئىچكەن قۇتۇلدى،
تاۋاق يالىغان تۇتۇلدى.

قىرىق ئاشچىدىن بىر باشچى ياخشى.

قىسماقنىڭ كۈچى بولمىسا، قۇشقاچنىمۇ تۇتالماس.

قىلدەك ھوقۇقنىڭ پىلدەك كۈچى بار.

كاللا ئۇكلەپ قۇلاق يەپتۇ،
پاقالچاق ئۇكلەپ، تۇياق (يەپتۇ).

كەتمىنىنى مەن چاپسام،
يىتىپ يەيدۇ خان ــ خوجام.

كەڭگە كەڭ دۇنيا،
تارغا تار دۇنيا.

كۆتۈرەلمىسەڭ، ساڭگىلىتىۋال.

كۆرگەن كۈنۈڭنى ئۇنتۇما،
شىر چورۇقۇڭنى قۇرۇتما.

كۆرگىنىم كۆپ، يىگىنىم چۆپ.

كېتەر جاھاننىڭ كارى،
تۈگەر غەم ــ قايغۇنىڭ بارى.

كېرىمى كېرىپ بەردى،
رېھىمى يېرىپ بەردى.

كېڭەشكەنگە كەڭ دۇنيا،
تالاشقانغا تار دۇنيا.

كېلىپ ـ كېتىدۇ جاھاننىڭ ئىشى،
نېمە بولىدۇڭ دېمەيدۇ كىشى.

كىشىگە قىلغان كىشىدە قالماس.

كىشىگە قىلغان ئۆزىگە يانار.

كىشىنىڭ يېرىگە ئىشلەپ،
قالدى لېۋىنى چىشلەپ.

كىم چاپاننى يېڭى كىيدى،
ھېكىم بەگنىڭ ئوغلى شۇ.
كىم چاپاننى كونا كىيدى،
تامنى تەشكەن ئوغرى شۇ.

گۆش بىلەن ياغ بىر تۇغقان،
پىيازنىڭ كۆيگىنى كۆيگەن.

گېلىمدىن ئۆتكىنى غەنىيمەت،
ئاغزىمغا گۇمانىم بار.

ماڭا قاراپ كۇلەرسەن،
سەنمۇ بىر كۈن بىلەرسەن.

ماڭا قىلدىم دەمسەن، ئۆزۈڭگە قىلىسەن.

مامۇت بېگىم ئوڭدا يېتىپ بۇغداي يېدى،
توختى مۆمىن بۇغداي تېرىپ دۈمبا يېدى.

مۈشۈككە ئويۇن، چاشقانغا قىيىن.

مېنىڭ ئىدى، سېنىڭ بولدى،
تىلىۋىدىم دورا بولدى.

مىننەتلىك ئېشىڭدىن قارنىمنىڭ ئېچى ياخشى.

مىڭلىققا بۆرە تەگسە،
بىرلىككە پىچاق ئېلىپ يۈگۈرەر.

مىڭلىققا كەلمەي، بىرلىككە كېلىپتۇ.

نادان ھاكىم يۇرت بۇزار.

نامازدىگەردە ئىش تۈگەر،
ئىش تۈگىمىسە، مۈشت تېگەر.

نەشتىرىنى ئۆزۈۋالساڭ، يىلان دېگەن يېرىم غۇلاچ كۆلا.

ھاڭرىمىغان ئېشەكتىن ئالۋان ئاپتۇ.

ھالالنى خۇدا بەرمىسە، ھارام يېمەي ئۆلەيمۇ!

ھالۋىنى ھېكىم يەر،
تاياقنى يېتىم.

هالىم پەرىشان، كىيگىنىم تېرە ئىشتان.

هالى يەتمىگەن خۇداغا يىلىنار.

ھەقىقەت ئېگىلەر، سۇنماس.

ھەممە ئىشنى ئوڭ قول قىلسا،
ئالتۇن ئۈزۈكنى سول قول سالار.

ھەممىنى كۆرگەن كۆز ئۆزىنى كۆرمەس.

ھۆكۈمنىڭ قاتتىقلىقىدىن يېكەن قوزۇق يەرگە كىرىپتۇ.

ھېيتاخۇن روزا تۇتۇپ، روزاخۇن ھېيت ئويناپتۇ.

ئوت قويسا ئامبال، يوق سوراق؛
پۇقرا ياقالمادۇ چىراغ؟

ئوتنى كىم تۇتسا، شۇنىڭ قولى كۆيەر.

ئوتۇن يارغان پالتا ئىشىكنىڭ سىرتىدا قاپتۇ.

ئوڭ ئاياغ سول ئاياغ،
بىزنى قىلدىڭ تومتاياق.

ئوڭدا ياتقان گىردە يەر،
كەتمەن چاپقان جىگدە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئون تونۇشتۇرۇشتىن بىر تونۇش ئەلا.

ئون خوجايىندىن بىر يالاقچى يامان.

ئون ئىتقا يېگۈزگەندىن بىر بۆرىگە يېگۈزگەن خوپ.

ئويلىسام دىلىم كۆيىدۇ،
سۆزلىسەم تىلىم.

ئويناشمىغىن ئەرباب بىلەن،
ئەپلەپ ئۇرار ھەرباب بىلەن.

ئۇ تۆشۈكتىن چىقىپ، بۇ تۆشۈككە كىرگۈچە،
كۆرمىگەننى كۆرىسەن.

ئۇرغىلى بولماس خوجىنى،
خۇدا ئۇرسۇن خوجىنى.

ئۇرغىنىڭدىن نىقتىغىنىڭ ئۆتۈپ كەتتى.

ئۇزۇننى قويۇپ، قىسقىنى كەس.

ئۇن يوق دېسەم، زاڭ دەيدۇ،
ھاردىم دېسەم، ماڭ دەيدۇ.

ئۇينىڭ مۈڭگۈزىگە ئۇرسا، توۋنى سىرقىرايدۇ.

ئۆچكىگە جان قايغۇسى،
قاسساپقا ماي قايغۇسى.

ئۆچكىنىڭ ئوچۇق تۇرسا، ھېچ گەپ يوق،
قوينىڭ بىر قېتىم ئېچىلىپ قالسا، ھۇيت ـ ھۇيت.

ئۆچكىنى ئۆز ئايىغى بىلەن ئاسار.

ئۆزلىرى بولالمايدۇ، بولغاننى كۆرەلمەيدۇ.

ئۆزۈڭ يېمىسەڭ غېمىڭنى،
قاغا چوقۇر تېنىڭنى.

ئۆكۈزنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن،
موزاينىڭ بېشىغىمۇ كېلىدۇ.

ئۆلەر ئىت پالتىدىن قورقماس.

ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك.

ئۆلۈمگە تۇتۇدىغانمۇ پۇل،
ئۆلۈمدىن قۇتقۇزىدىغانمۇ پۇل.

ئۆلىمەن دېسە، مىنىمەن دەيدۇ.

ئۆمۈچۈك ئۆمىلەيدۇ،
ئۆمىلىگەننى كۆرەلمەيدۇ.

ۋاپا ـــ تاق، جاپا ـــ جۈپ.

ۋاقتى كەلگەندە، خانمۇ تەختتىن چۈشىدۇ.

ئېسىلساڭ دارنىڭ ئېگىزىگە ئېسىل،
پۇتۇڭ يەرگە تەگمىسۇن.

ئېغىزنى ساقلىغان جاننى ساقلار.

ئېگىز بۇرۇننى كۆرە ـ كۆرە،
پۇچۇق بۇرۇن كىرىپ كېتىپتۇ.

ئىتنىڭ قاۋىشى بىلەن پىلنىڭ نېمە ئىشى.

ئىتنىڭ كۆزى بار، خانغىمۇ قارايدۇ.

ئىتنىڭ ئىگىسى بولسا،
بۆرىنىڭ خۇداسى بار.

ئىت ئىگىسى بىلەن كۈچلۈك.

ئىچى توشمىسا، تېشىغا چىقماس.

ئىككى ئات تېپىشسە، ئارىدا قالغان ئېشەككە ئۇۋال.

ئىگىسىنى ياخشى كۆرسەڭ، ئىتىغا سۆڭەك تاشلا.

ئىممەتسىز پەيغەمبەر يوق،
مۇرىتسىز پىر (يوق).

ئىنساپ قالمىدى چوڭدا،
ئىشتان قالمىدى قوڭدا.

ياخشىغا كۈن يوق،
يامانغا ئۆلۈم (يوق).

ياخشى مۇلۇك ھېكمىنىڭ،
بۇزۇلغاندا ھېچكىمنىڭ.

يارىنىڭ ئۇستىگە تۇز سېپىپتۇ.

ياش تۆككىچە مۇشت تۇگ.

ياغ ئالسىمۇ ياغلىق قاپاق،
ئالمىسىمۇ ياغلىق قاپاق.

ياقىلار ئېتەك بولدى.
ئېتەكلەر ياقا.

يالاقچى يالاپ تويماس،
غالچا غاجىلاپ (تويماس).

يالاقچى يالاق بىلەن ماڭىدۇ،
تېجىمەل تاياق بىلەن.

يامان بولساڭ ئاسىدۇ،
ياۋاش بولساڭ باسىدۇ.

يامان كۆرگەن ياغاچ سارايغا تۈۋرۈك بولۇپتۇ.

يامغۇردىن قېچىپ، مۆلدۈرگە ئۇچراپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يامۇلنىڭ ئىشكى يوچۇن،
كىرەلمەيسەن پۇلۇڭ يوق ئۇچۇن.

يايلاققا پاتمىغان ئۆچكە قازانغا پاتار.

يەرسىز ئىدىم، يەرلەندىم،
توقماق ئىدىم، پەملەندىم.

يوق ئىدى ھېچبىر غوۋغا،
نەدىن كەلدى بۇ دورغا ؟

يولدىن چىقما، خاندىن قورقما.

يولسىزنىڭ تىلى قىسقا.

يولى باشقا، مەنزىلى بىر.

يولى باشقىنىڭ نىيىتى باشقا.

يۇۋاش بولسا، بوش دېمەڭ،
يۇمشاق بولسا، گۆش دېمەڭ.

يۈز كۈن پەلپىگەن غالچا،
بىر كۈن پەلپىگەن ئاغىچا.

يېڭى بايغا قەرزدار بولما،
ئەمەلدار بىلەن دوست ـ يار (بولما).

يېمەك ـ ئىچمەك ئۆزۈڭدىن،
ئايلىقىڭ ئوتتۇز كۈن.

يىڭنە قاياققا ماڭسا، يىپ شۇ ياققا ماڭار.

يىلان چاقسا، يىلمۇ چىرقىرايدۇ.

يىلاننىڭ تۆشۈكى تۈز، ئۆزى ئەگرى.

يىلاننىڭ تېشى سىيلىق، ئىچى زەھەر.

يىلاننىڭ يامان كۆرگەن ئوتى ئاغزىغا چۈشۈپتۇ.

يىلان: ئۆزۈم تۈز، يولۇم ئەگرى، دەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# بايلىق ۋە كەمبەغەللىك توغرىسىدا

ئاتا كەمچىلىكى يوق، لاتا كەمچىلىكى.

ئاتلىق پىيادىنىڭ ھارغىنىنى بىلمەس.

ئاتمىشنىڭ پۇتەر، ئالتىنىڭ قالار.

ئات ئېغىنىغان يەردە تۈك قالىدۇ.

ئاچقا قازان ئاستۇرما،
مۇزلىغانغا ئوت ياقتۇرما.

ئاچ قالغان تاماق تاللىماس.

ئاچلىقنى ياستۇق كۆتۈرەر.

ئاچ نېمىنى يېمەس،
توق نېمىنى دېمەس.

ئاچنىڭ دەردىنى توق بىلمەس.

ئاچ ئوسۇرار، توق كېكىرەر.

ئاچ ئۆيدە قېتىق ئۇيۇماس.

ئاچ ئېيىق ئويىنىماس.

ئادەم ئەسكىسى ئەمەس، كىيىم ئەسكىسى.

ئاسمان يېپىنچا، يەر سېلىنچا.

ئالتۇنلۇق ئۆيدە جان دەركار.

ئالتۇننى كۆرسە پەرىشتىمۇ يولدىن ئازار.

ئەركىشى نامرات بولسا بولسۇن،
قەرزدار بولمىسۇن.

بار بارى بىلەن، يوق ھالى بىلەن.

بار چاغدا ھورى چىقىدۇ،
يوق چاغدا شورى.

بارلىق بەزدۇرىدۇ، يوقلۇق ئۆگىتىدۇ.

بارلىق بولساڭ، بېشىڭنى سىيلايدۇ،
يوقلۇق بولساڭ، بېشىڭ سىغمايدۇ.

بارلىق ھەر نېمىنى دېگۈزەر،
يوقلۇق ھەر نېمىنى يېگۈزەر.

بارلىق ئوخشىتار،
يوقلۇق قاقشىتار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بارلىق ياراشتۇرىدۇ،
يوقلۇق تالاشتۇرىدۇ.

بارنىڭ خىجالىتىدىن يوقنىڭ خىجالىتى يامان.

بارنىڭ مايىقى تېگەر،
يوقنىڭ تايىقى.

بارنىڭ ئىشى پەرمان بىلەن،
يوقنىڭ ئىشى ئارمان بىلەن.

باش ئىققۇدەك ئۆيى يوق،
چاڭ چىققۇدەك پادىسى (يوق).

بالا بەش، نان ئۈچ،
بىردىن بەرسەم يەتمەيدۇ،
يېرىمدىن بەرسەم تويمايدۇ.

بالا – قازا باينىڭ مېلىغا كېلەر،
كەمبەغەلنىڭ جېنىغا.

باي بارنى بەرمەس،
كەمبەغەل قاراپ تۇرماس.

باي بالىسى ئون بەشكە كىرسە باش،
كەمبەغەل بالىسى ئوتتۇزغا كىرسىمۇ ياش.

باي بايغا باقار،
سۇ سايغا ئاقار.

باي بولسا بۆلۈپ بەرمەس،
كەمبەغەل ئۆلۈپ بەرمەس.

باي تالقان يېگەندە يامغۇر ياغار،
كەمبەغەل تالقان يېگەندە بوران چىقار.

باي تولا يېسە خوردان دەيدۇ.
نامرات تولا يېسە ئوپقان (دەيدۇ).

باي تۇرىدۇ باشتا،
كەمبەغەل تۇرىدۇ ئاياغدا.

بايدا ئارغامچا، كەمبەغەلدە كۇلا؛
باي بولاي دېسەڭ، كەمبەغەلنى بۇلا.

بايدىن ئەمەلدار چىقسا،
كەمبەغەلدىن دانا چىقار.

بايدىن بالا ــ قازا قورقار.

باي سىغىنغاننى يەر،
كەمبەغەل تاپقاننى.

بايغا باققان قۇل بولار،
كەمبەغەلگە باققان گۇل (بولار).

بايغا تەڭلىك يوق،
چىرايلىققا ئەڭلىك (يوق).

بايغا كۈندە بايرام، كۈندە توي،
كەمبەغەلگە كۈندە قايغۇ، كۈندە ئوي.

باي قەيەردە بولسا، ۋاي شۇ يەردە.

باي كىيسە، مۇبارەك بولسۇن!
كەمبەغەل كىيسە، نەدىن ئالدىڭ؟

باي گۆش يېسە، قارنىغا كىرەر،
كەمبەغەل گۆش يېسە، چىشىغا.

بايلىق بىلەن پېقىرلىق — ئىككى ئات.

بايلىق — قاچقان كىشىنى قوغلايدۇ،
قوغلىغان كىشىدىن قاچىدۇ.

بايلىق — كىشىنى مەست قىلار.

باي مىلىنى سۆزلەر،
كەمبەغەل مۇڭىنى.

باينىڭ ئارغامچىسى بولسا،
كەمبەغەلنىڭ كۆلىسى بار.

باينىڭ ئالدى تار، كەينى كەڭ.

باينىڭ بالىسى كەتمەنگە يارىماس.

بايننىڭ بالىسىمۇ ئەركە، كالىسىمۇ ئەركە.

بايننىڭ پۇلى ـــ ئوچاقنىڭ كۈلى.

بايننىڭ تۆرىدە ئولتۇرغۇچە،
گادايننىڭ مائتىسىدا ئولتۇر.

بايننىڭ تۆگىچىسى بولساڭ، قوۋۇ بولىسەن،
قويچىسى بولساڭ، قۇل بولىسەن.

بايننىڭ خەزىنىسى نامرات.

بايننىڭ قىزى كۆنۈك،
كەمبەغەلننىڭ ئېتى.

بايننىڭ كۆشۈكىدە سۇ توختايدۇ.

بايننىڭ كېلىنى بولغۇچە،
كەمبەغەلننىڭ قىزى بول.

بايننىڭ گۆشىدىن كەمبەغەلننىڭ مۇشتى ياخشى.

بايننىڭ مېلى ـــ كەمبەغەلننىڭ كۆز يېشى.

بايننىڭ ئىشىكىدىنمۇ كىرىدۇ، تۈڭلۈكىدىنمۇ.

باينى مال باسىدۇ،
كەمبەغەلنى بالا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

باي ھەر نەرسىگە بار ئەمەسمۇ،
كەمبەغەل ناسۋالغا زار ئەمەسمۇ.

باي يوقالغىنىغا قايغۇرىدۇ،
بۆرە قالغىنىغا.

بەرمىسىمۇ باي ياخشى،
يېمىسىمۇ ماي ياخشى.

بولسا، ھەرنېمە ئوخشايدۇ.

بۇلۇتنىڭ قەدرى يوق ئاي يېنىدا،
پېقىرنىڭ قەدرى يوق باي يېنىدا.

بۆرىنىڭ قازىنى يوق،
خام يەپ ئۆلگىنى يوق.

بىرى ئالتۇن تاۋاقتا ئاش يەر،
بىرى ئاش ئۇچۇن جان بېرەر.

بىرى پۇل يىغسا، بىرى خالتا تىكەر.

بىرى تويۇپ سەكرەيدۇ،
بىرى توڭۇپ.

بىرى يوق، ئۇچنى كۆرۈك،
ئۇيقۇ يوق، چۇشنى كۆرۈك.

بىر يولۋاسنىڭ ئۆلۈكى يۈز تۈلكىنى تويدۇرار.

پايدىسى يوق بايدىن سۈيى يوق ساي ياخشى.

پۈتقا تاپسا، باشقا يوق،
باشقا تاپسا پۈتقا (يوق).

پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا.

پۇل — پۇلى جىقلارغا تاتلىق.

پۇلى ئازنىڭ غېمى ئاز.

پۇلى بار كاۋاپ يەيدۇ،
پۇلى يوق كاۋاپ تۈتۈنى.

پۇلى بارنىڭ يولى بار.

پېقىرلىق تىلەمچىلىككە تارتىدۇ.

تاپقىنى گۈل كەلتۈرەر،
تاپمىغىنى بىر باش پىياز.
تاپقىنى قوي ئۆلتۈرەر،
تاپمىغىنى چۈجە خوراز.

توق بالا ئاچنى ئويلىمايدۇ،
ئاچ بالا توق بىلەن ئوينىمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

توقلۇقتىن شوخلۇق چىقار.

توقنىڭ كۆزىگە ئاچ كىكىرگەندەك كۆرۈنەر.

تونلۇققا كۆپ سوغۇق،
تونسىزغا ئاز سوغۇق.

تۇغان بېشىدا دەرەخ ئۈگماس،
باينىڭ قېشىدا گاداي (ئۈگماس).

تۆگە سىلكىنسە ئېشەككە يۈك چىقار.

جايى يوقنىڭ جېنى يوق.

چاپىنىمدا تۆت يانچۇق،
خەجلەي دېسەم بىر پۇل يوق.

چوڭ دەرەخنىڭ سايىسى چوڭ.

دادامغا يوق پۇرچاق ئانامغا نەدە!

دۆلەت يۈزى ئاق،
مەينەت يۈزى قارا.

ساقالدىكى ئاشقا قورساق تويماس.

شامال يەپ، بوران كېكىرىپتۇ.

قازانمۇ ياغ، چۆمۈچمۇ ياغ.

قازىنىم بولسا، پوشكال ئېتىپ يەيتتىم،
ئۇن تاپالمىدىم، ياغ يوق.

قورساق توق، كۆڭۈل شوخ.

قورسىقى ئاچنىڭ كۆزى ئاشتا،
قورسىقى توقنىڭ ئۇستىباشتا.

قولى قىسقىنىڭ يولى قىسقا.

قۇدۇق چوڭقۇر، ئارغامچا قىسقا.

قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرماس.

قېتىق نانغا ئۇلگۇرمىدى،
نان قېتىقا.

كانايغا يوق، سۇنايغا نەدە !

كەمبەغەل بالىسىنى ئويلايدۇ،
باي مېلىنى.

كەمبەغەل بولساڭ، شالاڭ ئەلگەكنىڭ ئۇنىنى يە.

كەمبەغەل بولساڭ، كۆچۈپ باق.

كەمبەغەل تۆگە مىنسىمۇ ئىت چىشلەر.

كەمبەغەل گۈل قىسسا، تىكىنى بايغا سانچىلار.

كەمبەغەلنىڭ چىيى چىشقا دورا.

كەمبەغەلنىڭ ھايىنى يوق،
تاپقان پۇلىنىڭ تايىنى يوق.

كەمبەغەلنىڭ مۇشۇكى چاشقان تۇتسا،
باينىڭ مۇشۇكى توشقان تۇتار.

كەمبەغەل ئىشلەپ ھارماس،
باي چىشلەپ (ھارماس).

كۆسەي ئۆزۈن بولسا، قول كۆيمەس.

كېكەچ بولسىمۇ باينىڭ بالىسى سۆزلىسۇن.

گادايىنىڭ بالىسى — باينىڭ كالىسى.

گۆشىنىڭ يوقىدىن ئىت بولدۇم،
كىيىمىنىڭ يوقىدىن پىت بولدۇم.

گۆش كۆرمىگەنگە ئۆپكە تاگسۇق.

مال باينىڭ، جان خۇدانىڭ.

مال بولسا، مومام باقار.

مېلى بارنىڭ مېلىغا،
مېلى يوقنىڭ جېنىغا.

نامرات بولساڭ شەھەر قوغلاش.

نامراتنىڭ بىر تويغىنى — بىر باي بولغىنى.

نامراتنىڭ ئېنى يانچۇقىدا.

ھالاللىقتا توخۇسى يوق،
ھاراملىقتا مۈشۈكى (يوق).

ھەسەل ئالغان قاچىنىڭ يۇقى بار.

ھورى تۈگەپ، شورى قالدى.

ئوشۇق دۆلەت باشقا تاج.

ئوشۇق دۆلەت باشنى يارماس.

ئۈنى يوقنىڭ خۇنى يوق.

ئۆتۈكى يىرتىق تۆرگە چىقالماس،
يېڭى يىرتىق ئاش يېيەلمەس.

ئېشەك باينىڭ، تاغار باينىڭ،
يىقىلسا يۆلىمەيمەن، ئۆلسە تۆلىمەيمەن.

ئىتتىن سۆڭەككە قەرزدار،
چاشقاندىن كېپەككە.

يوغان سوزۇلار، ئىنچىكە ئۈزۈلەر.

يوقسۇللۇق ــ تاشتىن قاتتىق.

يوقسۇللۇق مەردنىڭ قولىنى باغلار.

يوقنىڭ بىر دەردى بار،
بارنىڭ مىڭ دەردى (بار).

يېرىم باينىڭ ياتقۇسى كەلمەس،
كىيىمى يېلىڭنىڭ قوپقۇسى (كەلمەس).

يېرىم تاغار يالغۇزتىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ياخشى ـ يامان ۋە ياخشىلىق ـ يامانلىق توغرىسىدا

ئات كۆتۈرسەڭ ياخشى بىلەن كۆتۈر.
سۇ كۆتۈرسەڭ بالداق بىلەن.

ئادەمنىڭ يامىنى لۈكچەك،
ئىنەكنىڭ يامىنى تەپكەك.

ئاغزى يامان دەپ تويماس،
نەپسى يامان يەپ تويماس.

ئالتۇن يەردە ياتماس،
ياخشىلىق يولدا (ياتماس).

ئاندىن قاچقان، مۇندىن قاچقان،
يامانلىق بىلەن كۆزىنى ئاچقان.

بارچە ياخشى، مەن يامان،
بارچە بۇغداي، مەن سامان.

بىر ياخشىغا بىر يامان هەر يەردە بار،
ئىككى ياخشى بىر بولغان قەيەردە بار؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىر ياخشىلىق مىڭ بالادىن قۇتقۇزار.

بىر ياخشىلىق ئۇنتۇلماس، بىر يامانلىق.

پۇل تاپتىم ياخشى بىلەن يېيىشكىلى،
يامان بىلەن دېيىشكىلى.

تاش ئاتقانغا ئاش ئات.

سەن ياخشى ــــ مەن ياخشى،
تونۇر قىزىق نان ياخشى.

قاغىغا ئوق ئاتما،
يامانغا سۆز قاتما.

كىشىگە قىلساڭ يامانلىق،
ساڭىمۇ يوقتۇر ئامانلىق.

ھارۋا ماڭغان يول تار بولماس،
يامانغا گەپ قىلساڭ، ھار بولماس.

ھاۋانىڭ يامىنى كېتەر،
ئادەمنىڭ يامىنى كەتمەس.

ئۆزۈڭگە ياخشىلىق تىلىسەڭ،
كىشىگە يامانلىق قىلما.

ئىككى ياخشى ئارىسىدا قىل ئۈزۈلمەس،
تۆمۈر زەنجىرنى ئۈزىدۇ ئىككى بىلمەس.

ئىككى ياخشى بىر بولسا تىنچلىق تىلەيدۇ،
ئىككى يامان بىر بولسا، پىچاق بىلەيدۇ.

ياخشى ئاتقا بىر قامچا،
يامان ئاتقا يۈز قامچا.

ياخشى ئاتقا قامچا لازىم ئەمەس.

ياخشى ئاتقا قوڭغۇراق.

ياخشى ئاتنىڭ تۇيىقىدىن چاڭ چىقماس.

ياخشى ئاتنىڭ تېرىسى قېپىش بولار، كۆن بولماس.

ياخشى ئادەم ئامانلىشىپ كۆچەر،
يامان ئادەم يامانلىشىپ.

ياخشى ئاز، يامان كۆپ.
بۇغداي ئاز، سامان كۆپ.

ياخشى ئاش ئۈستىگە كېلەر،
يامان گەپ ئۈستىگە.

ياخشى بولساڭ، تويۇڭغا بارارمەن،
يامان بولساڭ، ئۆلۈمىڭگە.

ياخشى بولساڭ، ئېشىڭنى يەيسەن،
يامان بولساڭ، بېشىڭنى.

ياخشى بولسا، ئۆزۈڭگە بالا،
يامان بولسا، بېشىڭغا بالا.

ياخشى بولسا، ئۆزىدىن كۆرىدۇ،
يامان بولسا، ئۆزگىدىن.

ياخشى بىلەن دوست بولساڭ،
ئېچىلار چېچەكلىرىڭ.
يامان بىلەن دوست بولساڭ،
يېرىلار يۈرەكلىرىڭ.

ياخشى بىلەن سۆھبەت،
يامان بىلەن ماجىرا.

ياخشى بىلەن يۈرسەڭ، يېتىسەن مۇرادقا،
يامان بىلەن يۈرسەڭ، قالىسەن ئۇياتقا.

ياخشىدىن ئات قالىدۇ،
ياماندىن دات.

ياخشىدىن جاپا كەلمەس،
ياماندىن ۋاپا (كەلمەس).

ياخشىدىن يامان چىقىدۇ،
ياماندىن ياخشى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ياخشىغا بەرسەڭ، نىپى تېگەر،
يامانغا بەرسەڭ گېپى.

ياخشىغا بىر سۆز،
يامانغا مىڭ سۆز.

ياخشىغا مەدەت،
يامانغا نەپرەت.

ياخشىغا ياغ، يامانغا داغ.

ياخشىغا ياندا، ياماندىن قاچ.

ياخشىغا يېتىشمەك تەس،
ياماندىن قۇتۇلماق (تەس).

ياخشىغا يىپەك يېپىشار،
يامانغا تىكەن.

ياخشى كۆرگىنىنى ئېيتار،
يامان يېگىنىنى.

ياخشى كېلىپ ھالىڭغا يېتەر،
يامان كېلىپ ئوتۇڭنى ئۆچۈرەر.

ياخشى گۆشتىن ياخشى شورپا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياخشىلار تېپىشار ھەر يەردىن كېلىپ،
يامانلار تېپىشەر بىر يەردە تۇرۇپ.

ياخشىلىق تۆرگە باشلايدۇ،
يامانلىق گۆرگە.

ياخشىلىق قالار، يامانلىق تۈگەر.

ياخشىلىققا ياخشىلىق
ھەر كىشىنىڭ ئىشىدۇر.
يامانلىققا ياخشىلىق
ئەر كىشىنىڭ ئىشىدۇر.

ياخشىلىق قىل، يامانلىق كۈت.

ياخشىلىقنى ئۇنتۇما،
يامانلىقنى كۆڭلۈڭدە تۇتما.

ياخشىلىق يەردە ياتماس،
يامانلىق ئۆزدىن ئاشماس.

ياخشىلىق ــ يېنىپ تۇرغان چىراغ.

ياخشىنىڭ ئايىغىدا قۇرت ئۆلمەس.

ياخشىنىڭ خۇلقى ئارتۇق،
يامانىنىڭ ياقىسى يىرتىق.

ياخشىنىڭ سۆزى، يامانىنىڭ كۆزى.

ياخشىنىڭ شاراپىتى، يامانىنىڭ كاساپىتى.

ياخشىنىڭ قەدرىنى يامان بىلمەس.

ياخشىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ئۆرە قىل،
يامانىنىڭ ئاغزىغا ئۇرۇپ پۆرە قىل.

ياخشىنىڭ ئىزى قالىدۇ،
يامانىنىڭ مىزى.

ياخشىنىڭ ياخشىلىقى تېگەر ھەر يەردە،
يامانىنىڭ يامانلىقى تېگەر تار يەردە.

ياخشىنىڭ ياخشىلىقىنى چىقار، كۆككە يەتسۇن،
يامانىنىڭ يامانلىقىنى چىقار، توزۇپ كەتسۇن.

ياخشىنىڭ يولى يەتتە.

ياخشىنى ماختىساڭ يارىشىدۇ،
يامانىنى ماختىساڭ ئادىشىدۇ.

ياخشىنى يات ئىكەن دېمە،
يامانىنى ئۆز ئىكەن (دېمە).

ياخشىنى ياندا شتۇر،
يامانىنى ئاداشتۇر.

ياخشى نىيەت ئاشقا،
يامان نىيەت باشقا.

ياخشى ئۇرۇشسا، بەرگىلى نەرسە تاپالماس،
يامان ئۇرۇشسا، ئالغىلى (نەرسە تاپالماس).

ياخشى ئۆلسە، ھەممىگە غەم،
يامان ئۆلسە نېمە غەم.

ياخشى ئىت ئۆلۈكىنى كۆرسەتمەس.

ياخشى ئىشقا قولى بارماس،
يامان ئىشتىن كۆڭلى قالماس.

يامان ئاتنى يال باسار.

يامان ئادەم يۇرت بۇزار،
يامان ھارۋا يول (بۇزار).

ياماندىن ئاشقان يېرىم قوشۇق.

ياماندىن جىن قورقىدۇ.

ياماندىن قاراۋۇل قويساڭ، ئوغرىغا يول ئوچۇق.

يامانغا ئاتا بولغۇچە،
ياخشىغا ھاسا بول.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يامانغا ئاختامىدىكى داڭگال.

يامانغا قىلغىنىڭ ـــ قوّمغا سىڭگىنىڭ.

يامانغا گۆردىمۇ قوشنا بولما.

يامانغا ياغ ياراشماس،
ئۆچكىگە يۇمغاقسۇت.

يامانغا يانتاياق بولما.

يامانغا يولۇقساڭ يالىسى يۇقار،
قازانغا يولۇقساڭ قارىسى.

يامانغا يېلىن، ئاغزىغا نېرىن.

يامان كالا يار بويىدا موزايلاپتۇ.

يامان كۆڭلەر ياخشى بولار،
يامان ئادەم ياخشى بولماس.

يامان كىشى سىيلىغاننى بىلمەس.

يامانلىق ـــ بىر دەملىك،
ياخشىلىق ـــ ئۆمۈرلۈك.

يامانلىقنىڭ يولى يېنىك،
ياخشىلىقنىڭ يولى ئېغىر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يامانىي ئايىساڭ ياخشىلىق يوق.

يامانىي قويۇپ بەرسەڭ ئەركىگە،
كۇندە چىچىدۇ بۆكىگە.

يامانىي كۆرمەي ياخشىنىڭ قەدرىگە يەتمەس.

يامانىڭ توقمىقى يېنىدا.

يامانىڭ تۇزغا بارغىنى ـــ قىزغا بارغىنى.

يامانىڭ تېزىنى ياپساڭ، بېزى چىقار.

يامانىڭ سۇيىنى ئىچكۇچە، قاپىقىنى چىقىۋەت.

يامانىڭ قويىندا ياتقۇچە،
ياخشىنىڭ ئايىغىدا ئۆل.

يامانىڭ گېپى يامان،
ئەسكى چاپانىڭ پىتى (يامان).

يامانىڭ ياخشىسى بولغۇچە،
ياخشىنىڭ يامىنى بول.
قارىمۇقنىڭ دانىسى بولغۇچە،
بۇغداينىڭ سامىنى بول.

يامانىڭ ياخشىلىقى يوق،
يامان سۆزنىڭ تاتلىقى (يوق).

يامانىڭ يامانلىقى بار،
كىشى بىلمەس ھېيلىسى (بار).

يامانى ئىشقا يولاتساڭ يولات،
قېشىڭغا يولاتما.

يامان ئۇرۇقتىن ياخشى مېۋە بولماس.

يامان ئۆزىنى بىلمەس،
ياخشىنى كۆزىگە ئىلماس.

يامان ئىشنى يامان تاپار،
سېسىق گۆشنى چىۋىن (تاپار).

يامان ئىنەك ئۆلگۈچە سۈتلۈك ئاتالماس.

يامان ياماندىن قورقىدۇ،
كەتمەن ساماندىن.

يامىنىنى ئېيتماي، ياخشىلىق يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# سېخىلىق، بېخىللىق، ئىنساپ ۋە مەنپەئەت توغرىسىدا

ئابدالغا كەپسەن بەرسە، تېشىلىك توغرىمۇ، دەپتۇ.

ئاچ بەچچىغەردىن قاچ بەچچىغەر.

ئاچكۆز تويماس، بېخىل بېيىماس.

ئاچ ئىتقا بەرسەڭ، توق ئىت خىرقىرار.

ئادەم قىچقارسا بارمايمەن،
ئاش قىچقارسا قالمايمەن.

ئادەم ئۆلىدۇ، دۇنيا قالىدۇ.

ئارپا تېرىپ ، بۇغداي ئالىمەن دېمە.

ئاز بولسا، كۆپكە تاۋاپ قىل.

ئاز يىغساڭمۇ هالال يىغ.

ئاقچىنى ئالساڭ، كۆكچىنى قوي.
سويمىنى ئالساڭ، پېلىكىنى قوي.

ئاكامنىڭ ئېقىپ ئۆلگىنىگە يىغلىمايمەن،
كۆك ئېشەكنىڭ كەتكىنىگە يىغلايمەن.

ئالغىنىڭنى كۆپكە سانا،
بەرگىنىڭنى ئازغا.

ئامانەتكە خىيانەت.

ئانىسى ناننى نېپىز ياقىدۇ،
بالىسى تويماي قوشلاپ يەيدۇ.

ئايىمايمەن سىنىڭدىن،
تارتىۋالما مىنىڭدىن.

ئەرزان گۆشنىڭ شورپىسى تېتىماس.

بارنى كۆرسە كۆرەلمەيدۇ،
يوقنى كۆرسە بېرەلمەيدۇ.

بەرمەسنىڭ ئېشى پىشماس،
ئوچاق بېشىدىن چۈشمەس.

بەرمىگەن قوناقنى يېمىگەن قوتۇر.

بۇغداي پاتمىغان ئاغزىمغا،
قوي كاللىسى بوش كەلدى.

بۆرە تاپسا، تەڭ ئورتاق،
قاغا تاپسا دەرەخ ئۈچىدا.

بېخىل ئالغاننى ئۇنتۇيدۇ،
سېخىي بەرگەننى.

بېخىل باي بولسا، ئاتىسىنى تونۇماس.

بېخىل بايدىن سېخىي گاداي ياخشى.

بېخىل بايدىن نان چىقماس،
ئۆلگەن مالدىن قان چىقماس.

بېخىل بەختلىك ئەمەس،
سېخىي بەختلىك.

بېخىل بىر يارماقنىڭ تۆشۈكىدىن 40 قېتىم ئۆتەر.

بېخىل تاپسا يېپىپ يەيدۇ،
سېخىي تاپسا ئېچىپ.

بېخىل جېنىدىن كېچەر، مېلىدىن كەچمەس.

بېخىلدىن نان سورىغىنىڭ — جان سورىغىنىڭ.

بېخىل سىقىمىنىڭ ئىچىنى ئايايدۇ، تېشىنى يالايدۇ.

بېخىلغا قول بىلەن يانچۇقنىڭ ئارىسى قىرىق كۆنلۈك.

بېخىلغا «نان» دېسە، «جان» دەپ ئاڭلىنار.

بېخىلغا ھاجىتىڭ چۈشسە، يوق دەيدۇ،
سېخىيغا ھاجىتىڭ چۈشسە، خوپ دەيدۇ.

بېخىل كىشى خۇدانىڭ سېخىيلىقىدىن قىزغىنار.

بېخىلنىڭ باغرى قاتتىق.

بېخىلنىڭ بېغى كۆكەرمەس.

بېخىلنىڭ تېزىكىگە بېگىز ئۆتمەس.

بېخىلنىڭ شامى ئاقسا، كۆزىنىڭ يېشى ئاقار.

بېخىلنىڭ ئۆلۈكىنى ئىت يېمەس،
تىرىكىنى پىت (يېمەس).

بېخىلنىڭ ئۆيىدە نان بار، ھىممەت يوق،
ھۇرۇننىڭ تېنىدە جان بار، غەيرەت يوق.

بېخىلنىڭ ئۆيىدە ئاش پادىشاھ، نان ئەۋلىيا.

بېخىلنىڭ ئۆيىدە ئىت توختىماس،
تازنىڭ بېشىدا پىت (توختىماس).

بېخىلنىڭ ئىشىنى ئالماق ـــ كۆزىنىڭ يېشىنى ئالماق.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

بېخىلنىڭ ئېشىنى ئىت يەر،
تېنىنى پىت (يەر).

بېخىلنىڭ يۈزى يوق،
پۇلنىڭ كۆزى (يوق).

بىر تاۋاق ئاش كەلدى دەپ جېنىم سۆيۈندى،
تۆت قوشۇق ئالماي تۇرۇپ تۇۋى كۆرۈندى.

بىر كۈنگە ئۆكۈز ئۆلمەس،
ئىككى كۈنگە ئىگىسى بەرمەس.

بىر ھاپ، بىر ھوم.

بىزنىڭكىگە كەلسەڭ يەپلا،
سىزنىڭكىگە بارسام گەپلا.

بىكارغا مۈشۈك ئاپتاپقا چىقماس.

بىكار ئېشەك بولسا، بۇخارادىن مۇز توشۇيدۇ.

پالتامنى بىرەي دېسەم، سىپىغا موزاي چىچىپ قويۇپتۇ.

پايدىسى يوق ئوغرىدىن گۈندىنىڭ[1] بىكار تۇرغىنى ياخشى.

پايدىنى كۆرسە، بۆرگىدەك چاققان،
زىياننى كۆرسە، كىرپىدەك ياتقان.

① گۈندا — تۇرمە.

پەرشتىنىڭ ئېشىدىن شەيتان قىزغىنىپتۇ.

پۇلى بولسا قوللايدۇ،
بولمىسا قوغلايدۇ.

پىتىنىڭ ئۇچىيىگە ھېسسىپ قۇيۇپتۇ.

پىچاق گۆشكە ئۆتەر، سۆڭەككە ئۆتمەس.

پىخسىقنىڭ پوقىنى چوقىغان قاغىنىڭ
قورسىقى ئاغرىيدۇ.

پىشماس ئاشنىڭ ئوتى كۆيمەس.

تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر،
يالغۇز يېگەن يەرگە.

تورپاق ئۆلۈۋېدى، ئورتاق ئايرىلدى.

تۆگۈزنىڭ بىر تال تۈكىنى يۇلغىنىم يۇلغان.

تولا يېگەن بۆرىنىڭ كۆتى كاۋاك.

تويماس كۆزنى گۆرنىڭ توپىسى تويدۇرار.

تويمىساڭ تويۇڭدا تويارسەن.

تۇرۇپ تۇرغاننى توختاپ يە،
كېتىپ بارغاننى قوغلاپ يە.

تۆگىدەك قىز بېرىپ، تۇگمىدەك گۆش يېدىم.

تۇتۇنىنى بۇلۇت كۆرمەس،
يۇندىسىنى ئىت (كۆرمەس).

تۇخلۇكىدىن شامال كىرمەس،
ئىشكىدىن ئادەم (كىرمەس).

تېكە بولسىمۇ سۈت بەرسۇن.

تىلەمچىنىڭ خالتىسى تولسىمۇ كۆزى تولماس.

جاغدا قوغۇن جىنىگمىدى؟

جىنىم پۇلۇم، خىنىم پۇلۇم،
ماڭا تېخىمۇ يېقىن تۇرۇك.

جىقنى دەپ، ئازدىن قۇرۇق قاپتۇ.

چىۋىنىمۇ شىرسى بار يەرگە قونىدۇ.

چاشقانغا كېپەك ئالدۇرماس،
قوڭغۇزغا تېزەك (ئالدۇرماس).

رازى بولمىغان ئاش قورساق ئاغرىتار.

ساقالغا قاراپ بۇرۇت،
پوشكالغا قاراپ دۇرۇت.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سامان كىشىنىڭ بولسىمۇ، سامانلىق مېنىڭ.

سەن كەلسەڭ، نېمە ئېلىپ كېلىسەن؟
مەن بارسام، نېمە ئېتىپ بېرىسەن؟

سېخىي ئادەمنىڭ كۆڭلى دەريا.

سېخىي خەير قىلسا، بېخىل قان چىچار.

سېخىينىڭ بەرگۈسى كەلسە،
بېخىلنىڭ جېنى چىقار.

سېخىينىڭ كۆلكىسى بېخىلنى يىغلىتار.

سېخىينىڭ ئىشكى ئېچىلىپ تۇرار،
بېخىلنىڭ ئىشكى يېپىلىپ تۇرار.

سېنىڭ نەپسىڭ بالادۇر،
ئاخىر ئوتقا سالادۇر.

قارنى يامان ھېيتتا ئۆلەر.

قانائەت — تۈگىمەس خەزىنە.

قانائەتلىك كىشىنىڭ قارنى توق.

قورساق ئاچ دەپ خامنى يەپتۇ.

چوكا ياغ دەپ شامنى (يەپتۇ).

قولۇم ئوچۇق، يۈزۈم ئاق.

قولى ئوچۇقنىڭ يولى ئوچۇق.

قۇرۇق دۇئايى سالامغا توكۇر بارىكاللا.

قۇرۇق سۆڭەكتىن ياغ چىقماس.

قۇرۇق قوشۇق ئېغىز يىرتار.

قېتىق ئىچكەندە ئاكا،
دوغ ئىچكەندە ئۇكا.

قىزغانچۇقنىڭ ئېشىنى بېسىپ يە.

قىشتا ئوچاقمۇ ئۆزىگە تارتىدۇ.

كەسسە، پىچاق ئۆتمەس،
چەكسە قان چىقماس.

كەڭ بولساڭ، كەم بولمايسەن.

كۆپنى بىلمىگەن ئازنى ھېچ بىلمەس.

كۆزى توقنىڭ ئۆزى توق.

كۆزى تويماسنىڭ غېمى تۈگىمەس.

كۆڭلۈمنى تاپ، پۇلۇمنى يە.

كىشىنىڭ قولى بىلەن يىلان تۇت.

كىشىنىڭكىنى بۇلاپ ـ تالاپتۇ،
ئۆزىنىڭكىنى سىقىپ يالاپتۇ.

گۆش نەدە بولسا، چۈمۈچ شۇ يەردە.

مانتا كۆرمىگەن قاسقانغا دۇم چۈشۈپتۇ.

مەقسەت يېمەك ـ ئىچمەك ئەمەس، قورساق تويغۇزماق.

مەن پىچاق بولاي، سەن لوق گۆش بول.

موللىغا مەسە ياخشى،
ھەممىگە بەرسە ياخشى.

مۇت ـــ زەھەر بولسىمۇ يۇت.

مۇمسىق[1] ئايالنى جەننەتكە تەكلىپ قىلساڭ،
قوتۇر ئۆچكىسىنى يېتىلەپ ماڭار.

مىخنى ئايىساڭ تاقىدىن ئايرىلىسەن.

مىراستىن مۇشتەك تەگسىمۇ ئال.

① مۇمسىق ـــ پىخسىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نەپسى يامان خامغا ئامراق.

نەپسى يوق سۇلتان بولماس،
ياقىسى يوق چاپان (بولماس).

هامما ئاچام كەلدى، دېسە،
قولتۇقى دۇمباقمىكەن، دەپتۇ.

ھەرىمۇ شىرنىسى بار يەرگە قۇنىدۇ.

ئۇ قوشنامنىڭ توخۇسى بۇ قوشنامغا غاز كۆرۈنەر.

ئۇمىچى يوق مازاردىن شەيخ زېرىكىپتۇ.

ئۆتسۇن - ئۆتمىسۇن، بىلەپ بېقىڭ،
بەرسۇن - بەرمىسۇن، تىلەپ بېقىڭ.

ئۆزۈمنىڭ دەرمەن، تويغۇچە يەرمەن،
كىشىنىڭ دەرمەن، بەرگەننى يەرمەن.

ئۆزۈمنىڭ دەرمەن،
ئولتۇرۇپ - قوپۇپ يەرمەن.

ئۆزۈم يېسەم، سېسىق ئېشىم،
كىشىگە بەرسەم ئېسىت ئېشىم.

ئۆزى تويسىمۇ كۆزى تويماس.

ئۆلگەندىن ئۆپكە سوراپتۇ،
ئەسكى تامدىن قوقاق.

ئۆي تارلىقىدىن كۆڭۈل تارلىقى يامان.

ئۆيگە كىرگەن قۇرۇق چىقماس،
گۆرگە كىرگەن تىرىك (چىقماس).

ئۆيىدە بار ــــ ئويىدا بار.

ئۆيىنى ئىجارىگە بېرىپ، بۇرنىنى ئۇششۇتكەن قېرى.

ئېشەك مۇتتىن بولسا، قوڭ چويۇندىن.

ئېشىكىڭنىڭ دۇمبىسىگە ئاپتاپ چۈشسە، قولۇڭنى ئىسسىت.

ئىتقا ھاجىتىڭ چۈشسە، ئۇكام دە.

ئىچى تارنىڭ گۆرى تار.

ئىچىڭدىن يىلان چىقسا، بېلىڭگە ئورا.

ئىككى كېمىنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتقان سۇغا چۆكەر.

ئىنساپسىز قوشۇق سالسا، يەتتە ئوتلايدۇ.

ئىنساپلىقنىڭ دىلى ساپ.

ئىنساپ ــــ ئىماندىن ئۇلۇغ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياتقان يېرىڭنى قاتتىق دېمە،
ئىچكەن سۈيۈڭنى ئاچچىق (دېمە).

ياخشى ئاش ئېشىپ قالغۇچە،
يامان قورساق يېرىلىپ كەتسۇن.

يا ئېشەك ئۆلمىدى،
ياكى ئىت نېرى كەتمىدى.

يەپ تويمىغان يالاپ تويماس.

يەي دېسە، چىشى ئاغرىيدۇ،
بېرەي دېسە، ئىچى (ئاغرىيدۇ).

يوغاننى يوناپ يە،
كىچىكنى شىلىپ.

يوققا نېمە يوق،
ئېرىقتىكى سۇمۇ يوق.

يېغى تۆكۈلسە دۇغى بار.

يېمەيمەن دەپ تۈرۈپ يەتمىش قۇيماق يەپتۇ.

يېمەي - ئىچمەي بول بېخىل،
باي بولمىساڭ مەن كېپىل.

يېمەي يىغقاننىڭ يىگۈچىسى چىقار،
كىيمەي يىغقاننىڭ كىيگۈچىسى.

# كەسىپ، تىجارەت ۋە ئېلىش - بېرىش مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدا

ئاتا كەسپى بالىغا مىراس.

ئاتا كەسپىڭنى تاشلىما.

ئاتا كەسپىنى تاشلىغان،
گەجگىسىنى قاشلىغان.

ئاتاڭمۇ بازار، ئاناڭمۇ بازار.

ئاتىسىغا يول قويغان سودىگەر پايدا تاپالماس.

ئارغامچاڭنىڭ پۇلى تۇرۇپ تۇرسۇن،
كۆلامىنىڭ پۇلىنى بەر.

ئاكىسى پۇل، چىمەندە گۇل.

ئالا قاغىدا ئېلىشىڭ بولسا، بىر كۈنى ئالارسەن.

ئالاي دېسە، ئالمىيپتۇ،
بېرەي دېسە، ھىجىيىپتۇ.

ئالتىگە ئېلىپ بەشكە سات،
ئېتىڭ چىقسۇن، سودىگەر.

ئال دېگەن مالدا پايدا بار.

ئالدىڭ ــ پۇتتى، ساتتىڭ ــ يىتتى.

ئالساڭ بازارى، ئالمىساڭ سازايى.

ئالغاننىڭ قولى يۇمشاق،
يېگەننىڭ تىلى.

ئالغۇچى ئارسلان،
بەرگۈچى چاشقان.

ئالغۇچە ئالمان،
بەرگۈچە بەزگەك.

ئالغۇچە «بىسمىللا»،
بەرگۈچە «ئەستەغپۇرۇللا».

ئالغۇچە سۆزىنى كۆرۈڭ،
بەرگۈچە كۆزىنى (كۆرۈڭ).

ئالغۇچە قوغۇن پىچاي،
ئالغاندىن كېيىن ئاغزىڭغا چىچاي.

ئالغۇچە ياپىر،
بەرگۈچە كاپىر.

ئالماقتا بار، بەرمەككە يوق.

ئالماقلىق — زىرەكلىك،
بەرمەكلىك — نادانلىق.

ئالماقنىڭ بەرمىكى بار،
چىقماقنىڭ چۈشمىكى.

ئالىمەن دەپ، قوشلاپ بېرىپتۇ.

ئامبالنىڭ ئېتىنى سۇغار، پۇلىنى ئال.

ئاۋۋال ئىدىم مۇستاپا،
ئەمدى بولدۇم پۇل تاپار.

ئەتىگەنكى مۈشتتىن يانما.

ئەرزان نەرسە ئىللەتسىز ئەمەس،
قىممەت نەرسە ھېكمەتسىز (ئەمەس).

ئەسكى تۇماققا سېسىق كاللا خېرىدار.

بار تاۋىقىم، يان تاۋىقىم،
بولمىسا، ئارىدا سۇن تاۋىقىم.

بار دېسە، بېرىدۇ، يوق دېسە، قەسەم.

بازار ــ چاققاننىڭ،
ئۆچكە ــ باققاننىڭ.

بازاردا سالام يوق،
نامازدا تەكلىپ (يوق).

بازارغا چىق، بەختىڭنى كۆر.

بازارنى ئاۋات قىلغان مال،
هويلىنى ئاۋات قىلغان تال.

بازىرى چىققاندا يۈندىسىمۇ پۇل.

باققالنىڭ ئالدى ياخشى،
قاسساپنىڭ كەينى.

بەرسە قولىدىن ئالار،
بەرمىسە يولىدىن.

بەرگەن ئالغانغا يېقىپتۇ،
بەرمىگەن دەريادا ئېقىپتۇ.

بەرگەن باتۇر ئەمەس، سورىغان باتۇر.

بەرگەن بەگكە ياراپتۇ،
بەرمىگەن كىمگە ؟!

بەرگەن خۇداغا يېقىن،
بەرمىگەن گۇناهقا (يېقىن).

بەرمەككە بىرىمۇ كۆپ،
ئالماقتا ئۇنىمۇ ئاز.

بەرمىگەننى بىرىپ ئۇيالتۇر.

بورىچى غەلۋىرچى بولسا، كۆزىنى چاپاق باسار.

بولسا بولار، بولمىسا ئىز پۇلى.

بوياقچىنى «بوياقچى» دەۋەرسە، ساقىلىنى بويار.

بۆيرۈغان ئاشتىن بۇرۇلۇپ كەتمە.

بىرەرمەننىڭ بېشىنى ئالارمەن ئوڭلاپتۇ.

بىرىپ يامان بولغۇچە، بەرمەي يامان بول.

بىلىقچىنىڭ كۆنى سۇدا.

بىكار بولساڭ، بازارغا بار،
شوخ بولساڭ، مازارغا (بار).

پايدا بىلەن زىيان بىر تۇغقان.

پۇل بار چاغدا «ئەسسالام»،
پۇل يوق چاغدا ۋەسسالام.

پۇل تاپقۇچە، ھېساپ تاپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

پۇل تېپىشۇالساڭ سانىۋال.

پۇل دۈشمەننى دوست قىلار،
دوستنى دۈشمەن قىلار.

پۇل دېگەن پىششىق تاماق.

پۇل دېگەن قولنىڭ كىرى.

پۇلسىزنى بازار تونۇماس.

پۇلنى پۇل تاپار.

پۇلنىڭ بىر ئۇچى بىلەكتە،
بىر ئۇچى يۈرەكتە.

پۇلنىڭ تىلى يوق.

پۇلۇڭنىڭ كەتكىنىگە قارىما،
ئىشىڭنىڭ پۈتكىنىگە قارا.

پۇلۇڭ يوق بازارغا بارما،
مەشۇقۇڭ يوق مەشرەپكە (بارما).

پۇلى بارغا بازار،
پۇلى يوققا جازا.

پۇل يوق — ھېساب يوق،
نان يوق — قورساق توق.

پۇتمىگەن قەرزگە يوق ئال.

تاپالىساڭ ھالال يە،
تاپالمىساڭ شامال يە.

تاپقىنىم پاك، قولىقىم ساق.

تۆگە تالغا تويماس،
سودىگەر مالغا (تويماس).

تىجارەتنىڭ يىلىمى يالغانچىلىق.

جىڭ تۇتساڭ، چىڭ تۇت.

جىڭنىڭ گۆشى — جىنىنىڭ گۆشى.

خېرىدارنىڭ كۆزى بولسا، كاسىپ ئاچتىن ئۆلەر.

خېمىر ئۇچىدىن پېتىر.

دەريادىكى بېلىقنىڭ باھاسى يوق.

دەسمايە غالتەككە چىقتى،
توخۇ قونداققا.

دوغچى ئاپتاپ تىلىسە، تاڭگاچىنىڭ ئاچچىقى كەپتۇ.

دۇتار چالدىم يۇسۇپ ئەھمەتكە،
ھېچنېمە كەلمەس قۇرۇق رەھمەتكە.

زىيان ئاچچىق، پايدا تاتلىق.

ساتىراش باشقا قارايدۇ،
ياماقچى ئاياغقا.

سودا ساقال سىيپىغۇچە.

سودا ـ سېتىق پۇلدىن باشقىنى تونۇماس.

سودىدا دوست يوق.

سودىگەرگە بوش كۆرۈندۈڭ —
يەيدىغان گۆش كۆرۈندۈڭ.

سودىگەرنىڭ پۇلى بىر، زىرقى باشقا.

سودىگەرنىڭ پۇلى، دېھقانىنىڭ داڭگىلى.

سودىڭىزدىن زېرىكمەڭ،
خېرىدارغا تېرىكمەڭ.

سۇنىڭ سۇغا كەتتى،
قالدى قېتىقنىڭ پۇلى.

سۆرەلمە پايدىدىن ئەپچىل زىيان ياخشى.

قاسساپ «تۆت سەركەم» دەپ ئۆلەر،
جۇۋىدار «ىمشەك كەم» دەپ (ئۆلەر).

قاسساپ دوستىغا ئۇستىخان بېرەر.

قاسساپ ماي چايناپدۇ،
ئاشپەز گۆش.

قاسساپنىڭ پىچىقى تۇچى،
ئاشپەزنىڭ چۆمۈچى.

قاغىنىڭ بارغىنىنى سورىما، يانغىنىنى سورا.

قەرزدار بولساڭ، بېرىپ قۇتۇل،
كېسەل بولساڭ ئۆلۈپ (قۇتۇل).

قەرزداردىن پۇتكەننى ئال،
تۈگمەندىن چىققاننى.

قەرزدارنىڭ تىلى قىسقا.

قەرزدارنىڭ قەبرىسى يوق.

قەرز ئېلىپ بەرمىگىنىڭنى كۆرەي،
تۇغۇلۇپ ئۆلمىگىنىڭنى.

قەرزى بار كىشىنىڭ يۈرىكىدە دەرزى بار.

قولدىن ئۆتكۈچە، ئۆيىگە يەتكۈچە.

قول قولنى تونۇيدۇ،
شەرىئەت يولنى.

قولى بىلەن ئېلىپ، پۇتى بىلەن بېرىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قوينى قوتاندا سات،
ئاشنى باداڭدا.

قۇشقاچ بولسىمۇ قاسساپ سويسۇن.

قۇشقاچ بولسىمۇ گۆش.

قۇشقاچلار قىلىدۇ چىرىك ـــ چىرىك،
ئادەملەر يۈرىدۇ ـــ تىرىكچىلىك.

قۇلاقنى نەدىن چىقارسا، قازانچىنىڭ ئىختىيارى.

قىممەتچىلىك بولسا، ساتقۇچىدا ئىنساپ يوق،
ئەرزانچىلىق بولسا، ئالغۇچىدا (ئىنساپ يوق).

كاجنى بازار ئوڭلار،
ساراڭنى مازار.

كاناپچىدىن يەل كېتىدۇ،
هارۋىكەشتىن «تىرت، ۋو - ۋو».

كاۋاپمۇ كۆيمىسۇن، زىخمۇ.

كەمبەغەل بولاي دېسەڭ، نەق ئېلىپ نېسى سات،
ئاغرىماي ئۆلەي دېسەڭ، ئەسكى تامنىڭ تۈۋىدە يات.

كۆنۈك ئۆتمىسە، بازار چۆرگىلە.

كىشىدىكى پۇل ـــ چۇشىدىكى پۇل.

كىشىدىكى نەرسە ـــ خۇدادىكى نەرسە.

مال بەرمەك ـــ جان بەرمەك.

مەن كۆرمىگەن يەركەن ئەمەس،
پۇل بەرمىسە نان بەرگەن ئەمەس.

مىڭ سەرنى يوقاتقان بىر سەر.

نەقتىن ھەسەل چىقتى،
ئېسىدىن كېسەل.

ئېسىدىن تەلىيىم يوق.

ئېسى ساتقاننىڭ ھالى خاراپ،
قالىدۇ قۇرۇق دەپتەرگە قاراپ.

ئېسىنى يىغىمەن دەپ، نەقتىن قۇرۇق قاپتۇ.

ئېسى ئېلىشتا: ھاي ـ ھاي،
پۇلىنى بېرىشتە: ۋاي ـ ۋاي.

ئېسى يېمەك گۆشنى،
ئاغرىتىدۇ تۆشنى.

«ھاپ» تىن كەلگەن «ھوپ» قا كەتتى.

ھارۋىكەش ـــ ئاۋارىكەش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھايان ماڭا بولسۇن،
زىيان ساڭا.

ھەپتىنىڭ ئالتىسى «بەر»، بىرى «مە».

ھەرىكىتى كېتىپ، بەرىكىتى قالار.

ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت.

ھېسابىنىڭ سىرتىدا ئىش يوق،
كالپۇكىنىڭ سىرتىدا چىش (يوق).

ھىيلىگەر كاسىپنىڭ تىلىكى قارىغۇ خېرىدار.

ئوقەت قىلغان ئەيىب ئەمەس.

ئۇنچى ھاكچىنى كۆرەلمەس.

ئۆتمەس ماتار، زورلاپ ساتار.

ئۆزىنىڭ ئۆزىگە، توپىسى كۆزىگە.

ئۆيدىكى گەپ بازارغا توغرا كەلمەپتۇ.

ئۇچ قوي سويغان قاسساپ بولۇۋاپتۇ.

ئېسىلنى ئالساڭ خاتا يوق،
ئەسكىنى ئالساڭ ۋاپا يوق.

ئېلىپ ئالتە بولماپتۇ، يەپ يەتتە.

ئېلىپ باقتىم، سېتىپ باقتىم،
ھەممە ئىشنى قىلىپ باقتىم.

«ئېلىپ» نىڭ مەنىسى «بەر»،

«ئېلىپ»نى ئوقۇپ، «بە»نى ئوقۇماپتۇ.

ئىتنىڭ قاۋىغىنى بىكار، ھايان دىۋانىنىڭ.

ئىش بىلمەس كەشتىچى بولۇپتۇ،
ئاش بىلمەس ئۇگرىچى.

ياخشى مال ئۆزىنى ئۆزى ماختار.

يالجىمىساڭ يەر يۆتكەل.

يانچۇقتا پۇلۇم — چىمەندە گۈلۈم.

يىغلىغاندىن سورىما، كۈلگەندىن سورا.

يىگىت قەرز كۆتۈرەر،
ئۆلۈك توپا (كۆتۈرەر).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# يامان كەسىپ ۋە يامان ھەۋەسلەر توغرىسىدا

ئادەم ئۆلتۈرگەن ئادەم قولىدا ئۆلەر.

ئالتۇننى دەسسەپ، توقۇم ئوغرىلاپتۇ.

ئالدۇرغاندا مىڭ گۇمان،
ئالغاندا بىر (گۇمان).

ئاي يورۇقى ئوغرىغا ياقماس.

ئەسكىلىك قىلاي دېسە، ئېشەك تېزىكى دالدا بولار.

باشتا ئۇتقان كۆل ئۇتار،
ئاخىرىدا ئۇتقان پۇل (ئۇتار).

باي ـــ دەريا، ئوغرى ـــ قوشۇق.

بەڭگى جىلى بولسا، ناسۋال يەيدۇ،
مەست جىلە بولسا، دەسمال (يەيدۇ).

بەڭگى قەلەندەر، ئوغرى قىمارۋاز.

بەڭگىگە ئېرىقتىكى سۇ دەريا كۆرۈنەر.

بەڭگىنى بالام دېمە،
بۇقىنى كالام (دېمە).

بەڭگىنىڭ خۇيى ئىتتىن يامان.

بويىندا ئىللىتى بارنىڭ ئايىغى سىرقىرار.

بۇ يەردە ئوغرى يوق،
ھېلى قويغان ھېلى يوق.

بۆرىنىڭ ئاغزى يېسىمۇ قان، يېمىسىمۇ قان.

توخۇنى ئوغرىلىغانمۇ ئوغرى،
تۇخۇمىنى يېگەنمۇ (ئوغرى).

خوتۇنى يوقنىڭ خوتۇنى جىق.

داچەن ئوينا تاۋۇكادا،
پۇلنى خەجلە ھېيتگاھتا.

قاتىلدىن ئىمان كەپتۇ،
پالتىدىن زۇۋان.

قاراقچى خالىي يەردە ئالار،
يانچۇقچى توپ ئىچىدە.

قاراڭغۇ يولنى قاراقچى بىلەر.

قوغۇنغا ئوغرى كەلسە، خام ـ پىششىقىنى تاللىماس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قوغۇن ئوغرىلىغاننىڭ قولىنى كەس،
شاپتۇل ئوغرىلىغاننىڭ كۆتىگە تەپ.

قوينۇم ئوغرى، قونچۇم ئوغرى.

قىمار ئويۇنغۇچە، قاتار ئوينا.

كۆرسە ئويۇن، كۆرمىسە قويۇن.

مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك.

مەستلىك — پەستلىك.

نەخشىۋەننىڭ بىرى مەن،
هويلا قويماي كىرىمەن.

نەشە چەككەننىڭ تۈتۈن بىلەن قارنى توق.

هاراق — پادىشاھدۇر، مۇسەللەس — ۋەزىر.
بوزا — پاسكىنادۇر، تەشە — بىنەزەر.

ئوغرى ئاسماقچى كېلەر،
غالجا غەيۋەتچى.

ئوغرى ئالغان مالغا ئىگىسى سەۋەبكار.

ئوغرى بولساڭ، ئىنساپ بىلەن بول.
تاۋنقىنى ئالساڭ، قوشۇقىنى قوي.

ئوغرى بېيىماس،
جاغدا قېرىماس.

ئوغرى بىلەن ئوغرى قاراڭغۇدا ئۇچرىشار.

ئوغرى تۇتساڭ چوڭىنى تۇت.

ئوغرى تۇتۇلار،
قىمارۋاز ئۇتۇلار.

ئوغرى تۇتۇلسا، يەرگە قارايدۇ،
جالاپ تۇتۇلسا، كۆككە.

ئوغرى تۆن يېرىمدا،
پىتنىخور كۈپكۈندۈزدە.

ئوغرى دەۋاننىڭ ئورۇقى،
چېچەن دەۋاننىڭ قۇيرۇقى.

ئوغرىدىن ۋاپا كۈتمە،
ئوغىدىن شىپا (كۈتمە).

ئوغرى ساقچىدىن قورقىدۇ،
جىن باخشىدىن.

ئوغرىسى يوق يۇرت بولماس،
بۆرىسى يوق جاڭگال (بولماس).

ئوغرىغا مال كەم ئەمەس.

ئوغرى قېرىسا، سوپى بولار،
جالاپ قېرىسا بۇۋى.

ئوغرى كۈن ئاشقۇچە،
بۆرە قىر ئاشقۇچە.

ئوغرىلىق قىلسام، تۇتۇۋالىدۇ،
قىمار ئوينىسام ئۇتۇۋالىدۇ.

ئوغرى مال كويىدا،
قۇشناچىم گال كويىدا.

ئوغرىمۇ تونۇلايدۇ، ئوي ئىگىسىمۇ.

ئوغرىنى قاراقچى سوقۇپتۇ.

ئوغرىنىڭ بېشىدا ئوت كۆيەر.

ئوغرىنىڭ دوستى يانچۇقچى.

ئوغرىنىڭ كۆزى كېچىسى كۆرەر.

ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك.

ئوغرىنى ئوغرى تاپار.

ئوغرى ئوغرى بىلەن تۇتۇلار.

ئوغرى ئوق يەيدۇ،
بالىلىرى پوق (يەيدۇ).

ئوغرى ئۇيالماس،
ئوغرىنى تۇتقان ئۇيىلار.

ئوغرى ئۆز گۆشىنى يەيدۇ.

ئوغرى ئۆلگۈچە «مەن ئاق» دەپ تۇرار.

ئۆيگە ئوغرى كىرگەندە، ئىتنىڭ تەرىتى قىستاپتۇ.

ئېتىنى ئۇتتۇرۇپ ، يايداق قالدى،
خوتۇنىنى ئۇتتۇرۇپ بويتاق قالدى.

ئىچتىم شاراپ، بولدۇم خاراب.

يېغىنى يان باسىدۇ،
ئوغرىنى دام (باسىدۇ).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## دىنىي ئېتىقاد ۋە موللا توغرىسىدا

ئاتا ـ ئانا دۇئاسى ئوتقا، سۇغا پاتۇرماس.

ئاخىرەت ئىززىتى كېرەك بولسا،
پېقىرلار بىلەن كېڭەش قىل.

ئادەمنىڭ سالتىڭى موللا بولار،
ئاتنىڭ سالتىڭى يورغا.

ئاران باققان كالامنى ئۆلتۈرۈپ يېگەن ئاخۇنۇم.

ئالتۇن ئالماي، دۇئا ئال.

ئاللا بەرمىگەننى موللا بەرمەس.

ئاللا ئىگەم دوست،
كەلگەن بالانى توس !

ئەملى يوق سوپىدىن،
تۇخۇمى يوق توخۇ ياخشى.

بالاغا قالغان قۇلھۇۋەللاھۇ ئەھەد.

بۇ دۇنيادا جان كېرەك،
ئۇ دۇنيادا ئىمان.

بىر موللىنىڭ كەينىدە قىرىق شەيتان بار.

بىسمىللا دېسەڭ تېشىڭدا دە،
دېمىگەنلەر دېسۇن.
شۈكۈر دېسەڭ ئىچىڭدە دە،
يېمىگەنلەر يېسۇن.

بىسمىللادىن هايان تاپتىم،
بىر چىنە ئاشنى ئاران تاپتىم.

تەقۋادا هالال يوق،
پەتىۋادا هارام (يوق).

چالا موللا دىن بۇزار.

چالا موللا ۋاراقلايدۇ،
ئەگرى نوغۇچ تاراقلايدۇ.

خۇدا ساقلىغان يەردە بالا يوق،
شال تېرىغان يەردە پولو (يوق).

خۇدا كەچ قويسا قويار، ئاچ قويماس.

خۇدايىم بار دەپ ئاچ قاپتۇ،
ئېشىكىم بار دەپ كەچ (قاپتۇ).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەرد يامانمۇ، ئەلەممۇ،
موللا يامانمۇ، قەلەممۇ؟

دۇنيا ئىشىنى ئاخىرەتكە قالدۇرما.

دىنىسىزنىڭ ئەدىبىنى ئىمانسىز بېرەر.

دىنىم ئۈچۈن ئەمەس،
كۆڭلۈم ئۈچۈن ئوقۇيمەن.

سەدىقە بالانى يەر،
تووۋا گۇناھنى.

سەللە دېگەن يۈك،
ساقال دېگەن تۈك.

سەللىسى مۇسۇلمان، ئۆزى كاپىر.

سوپى سوۋۇغاننى يەر،
تاپسا يوغاننى.

سوپىغا باغاق كەتمەس،
كوسىغا تارغاق (كەتمەس).

سۇ يەتتە يۇمىلىسا ھالال.

شەرىئەتنىڭ مىڭ بىر پۈتىقى بار.

قولۇڭدا قارچىغا تۇرۇپ،
«قۇ ـ قۇ» نىڭ نىمە ئىشى؟
دىلىڭدا ئاللا تۇرۇپ،
«هۇ ـ هۇ» نىڭ نىمە ئىشى؟

قولى قاشالڭ موللىدىن،
ئايىغى ئىلدام بالا ياخشى.

«قۇليا»غا قۇيماق، «ياسىن»غا پولو.

موللا بولماق ئاسان،
ئادەم بولماق قىيىن.

موللا بىلگىنىنى ئوقۇيدۇ،
توخۇ كۆرگىنىنى چوقۇيدۇ.

موللا پەتىۋاچى،
باپكار شاتىۋارچى.

موللا پۇلنى دوست تۇتمايدۇ،
قولىغا كىرسە بوش تۇتمايدۇ.

موللا تەمەخور كېلىدۇ،
ئوغرى گۇمانخور.

موللا كۆپ بولسا، قوي هارام ئۆلەر.

موللا كىشىدىن پۇل ئالماق —
پېتىر ناندىن قىل ئالماق.

موللا كىشى — يېرىم كىشى،
ئىككى موللا — بىر كىشى.

موللا مەنۇ موللا مەن،
موللا كۆرسەم يولدا مەن.

موللام، دۇئاغا زورلاڭ.

موللا سەللىسىگە ئىشىنىدۇ،
قۇشناچىم زەللىسىگە.

موللام: كىتابتا بار، دەپ قورساق تويغۇزار،
ئايەتتە يوق دەپ ئادەم قورقۇتار.

موللامنىڭ ئاغزى دۇئادا، كۆزى پولودا.

مولا ئوقۇپ يەر،
قاغا چوقۇپ يەر.

موللا ئېلىشنى بىلەر، بېرىشنى بىلمەس.

موللىغا ئون تاياق،
نادانغا بىر تاياق.

موللىلىقمۇ بىر ھۈنەر،
جاپا چەكمەي پۇل ئۈنەر.

موللىنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما.

موللىنىڭ قارنى بەشتۇر،
بىرى ھەمىشە بوشتۇر.

موللىنىڭ مۇددىئاسىنى بىسمىللىسىدىن بىل.

موللىنىڭ ئىشىنى، چۇمۇلىنىڭ كۆزىنى،
يىلاننىڭ پۇتىنى ھېچكىم كۆرمىگەن.

موللىنىڭ ياخشىسى تەمەگەر ئەمەس،
مۇساپىرنىڭ ياخشىسى قەلەندەر ئەمەس.

موللىنىڭ يامىنى ۋاراقچى،
ئوغرىنىڭ يامىنى قاراقچى.

مۇسۇلمانچىلىق مەسچىتتە ئەمەس، ئەل ئىچىدە.

نادان ئەلدە موللا تولا.

ھاجى مىنگەن ئىشەكمۇ ھەرەمگە بېرىپتۇ.

ھەممە ئىشنى موللا بىلەر،
موللا قوپۇپ كۆلگە سىيەر.

ھۆپۈپ كامادا،
موللام تەمەدە.

ئوقۇماي موللا بولغان،
چوقۇماي قاغا (بولغان).

ئۇ ئالما، بۇ ئۆرۈك،
سەن موللا، مەن تۇرۇك[1].

ئۆزى بەرگەن خۇدايىم،
ئۆزى ئالغان خۇدايىم.

ئىشاننى دەپ ئېشەكتىن ئايرىلدىم.

ئىشنىڭ بېشى بىسمىللا.

ئىماملىقتىن قاچ،
مەزىنلىكنى تالاش.

ئىمامنىڭ ئۆمرىنى تىلە،
مەزىننىڭ ئۆلۈمىنى.

يارىتىش خۇدادىن، يارىلىش ئۆزۈڭدىن.

ياش ۋاقتىتا قىلغان ئىبادەت تاشقا مۆھۈر باسقاندەك.
قېرىغاندا قىلغان ئىبادەت قۇمغا مۆھۈر باسقاندەك.

ياندىكى موللا — بار موللا.
يىراقتىكى موللا — داموللا.

يىلان، چايان ئىزدىسەڭ، قازىنىڭ گۆرىنى ئاچ.

① تۇرۇك — ساۋاتسىز مەنىسىدە.

## يۇقىرى تەبىقىنىڭ ماقال ـ تەمسىللىرى

ئاتاڭ كىم بولسا، سەن شۇنىڭ ئوغلى.

ئاتاڭنى ئۆلتۈرگەنگە ئاناڭنى بەر.

ئاچسام ئالىقىنىمدا سەن،
يۇمسام سىقىمىمدا.

ئادەم بالىسى باقساڭ،
ئىغىز ـ بۇرنۇڭنى قان ئېتەر.
هايۋان بالىسى باقساڭ،
ئىغىز ـ بۇرنۇڭنى ماي ئېتەر.

ئاكاڭ كىمنى ئالسا، يەڭگەڭ شۇ.

ئانىينى تاپسام،
شىللىسىگە مىنىپ چاپسام.

ئانىينى ئۇرمىسا، ئۇۋالى بار.

ئەر ــ ئات، خوتۇن ــ هارۋا.

ئەر ــ باش، خوتۇن ــ بويۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەر قېرىسا قىز ئالار،
قىز قېرىسا كىم ئالار.

بالاڭنى چوڭ قىلىپ موللىغا بەر،
موللىدىن ئېلىپ ئوردىغا بەر.

باي بىلەن دەۋالاشما،
باتۇر بىلەن چېلىشما.

تاياق ئېيىقنىمۇ موللا قىلار.

تۈز ھەققى ــ خۇدا ھەققى.

تېرەڭدە داپ ئېتىمەن،
سۆڭىكىڭدە ساپ.

خوتۇن ئالدىڭ ــ ئۇچاڭغا ئوتۇن ئالدىڭ.

خوتۇن ئالساڭ بايدىن ئال،
پۇلۇڭغا پۇل قوشۇلار.
يەر ئالساڭ سايدىن ئال،
يېرىڭگە يەر قوشۇلار.

خوتۇنغا ئىشەنمە،
قومۇشقا يۆلەنمە.

خوتۇن كىشى ــ تۆت تامنىڭ قۇلى.

خوتۇن كىشى لاپ بىلەن يۇرىدۇ،
ئۇستىرا كاپ بىلەن.

خوتۇن كىشىنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا.

خوتۇن كىشىنىڭ موللىسى —
بايتال ئاتنىڭ يورغىسى.

خوتۇن كىشى ئوۋغا يارىماس،
جىگدە ياغىچى نوغا (يارىماس).

خۇدا بىلىپ پاقىغا قۇيرۇق،
ئېشەككە مۈڭگۈز بەرمىگەن.

قۇم يىغىلىپ تاش بولماس،
قۇل يىغىلىپ باش (بولماس).

قىز بالا ئەردە ياخشى،
ئەردە بولمىسا، يەردە ياخشى.

قىز ساقلىغۇچە، تۇز ساقلا.

كەمبەغەلنى ئىززەت قىلساڭ،
چورۇقى بىلەن تۆرگە چىقار.

مېلىڭ يېپىشلىك بولسا بەردى خۇدا،
خوتۇنۇڭ يېپىشلىك بولسا ئۇردى خۇدا.

ئوغلۇڭ ئاشىقچىلىق قىلسا كۆككە باق،
قىزىڭ ئاشىقچىلىق قىلسا يەرگە.

ئۆزى ئۆيگە كىرگۈچە،
كەشى تۆرگە چىقىپتۇ.

ئىت سەمرىسە ئىگىسىنى چىشلەر.

ئىتنى ئەركىلەتسەڭ ئاغزىڭنى يالايدۇ.

ئىتنى سۆڭەك بىلەن ئۇرساڭ ھاۋشىماس.

ئىتنىڭ ئاغزى تەگكەنگە دەريا سۈيى بۇلغانماس.

ئىت — ۋاپا، خوتۇن — جاپا.

ئىت ئېتەكتىن ئالار،
خوتۇن ياقىدىن.

ئىشلەتسەم — قۇلۇم،
ساتسام — پۇلۇم.

يېتىمنى يېتىپ ئۇر،
پۇتىدىن تۇتۇپ ئۇر.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## ماۋزۇسىز ماقال ـ تەمسىللەر

ئاتام ئېيتقان بايىقى.

ئاتتىن چۈشتۈڭ ــ ئېتەككە چۈشتۈڭ.

ئاتقا كۆچى يەتمىگەن چاكاندا ئوۋىتار.

ئات ئېگەردىن پەس ئەمەس.

ئاچا ساقال ئاچ قالماس،
كەكە ساقال كەچ قالماس.

ئاچا قوزۇق يەرگە كىرمەس.

ئاچلىقتىن خۇمارلىق يامان.

ئاققا قارا يوق،
قارىغا چارە يوق.

ئاق كۆرۈنگەننىڭ ھەممىسى قارا ئەمەس،

ئاڭلىغان بىلەن كۆرگەن بىر ئەمەس.

ئالدىغا بار، كەينىگە يوق،
ئاتلىققا بار، پىيادىگە يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئالما ئۆز دەرىخىدىن يىراققا چۈشمەس.

ئانچىلىك ئىش قانچىلىك ئىش.

ئانىسى غورا يېسە، قىزىنىڭ چىشى قاماپتۇ.

ئاۋۋال يول قوي،
كېيىن قول قوي.

ئاياغ ئاتلىمىسا، باش يۈگۈرمەيدۇ.

ئاياغقا چىقماي، باشقا يوق.

ئەلچىگە ئۆلۈم يوق،
جارچىغا كۆرۈم (يوق).

ئەمەنلىكتە ئەر ئۆلمەس،
ئېرەنلىكتە ئات (ئۆلمەس).

بالا يىغلىمىغۇچە ئانا ئەمچەك سالماس.

بوداق بوداققا كەلگەندە ئېغىز قۇلاققا يېتىپتۇ.

بوينىدىن باغلىغان ئىت ئوۋغا يارىماس.

بۇغداينىڭ بارار يېرى تۈگمەن.

بېشى بارنىڭ بۆكى بار.

بىر خىش تاراشلاقلىق،
بىر خىش تاراشلاقسىز.

بىر سۆز بىلەن ئەر ئۆلمەس.

بىر قاتتىققا بىر يۇمشاق.

بىر قولۇڭغا ئوت ئېلىپ يۈر،
بىر قولۇڭغا سۇ.

بىرنىڭ ئاكىسى ئىككى.

بىرنىڭ كاساپىتى مىڭگە.

بىرىنىڭ يۈزىگە قارىدىم،
بىرىنىڭ سۆزىگە.

بىلمىگەن يەرنىڭ ئوي - چوڭقۇرى تولا.

پاتىمە قوپۇر، زۆھرا ياتۇر.

پادىدىن ئىلگىرى چاڭ - توپا كۆرۈنەر.

پاقا بىر سەكرەر، ئىككى سەكرەر، ئاندىن ئورىغا چۈشەر.

پالسىز يۈرمە، پالغا ئىشەنمە.

پىچاق ئىتتىك بولسا، غىلىپىنى كېسەر.

پىچاق ئىتتىك بولسا، ياغاچىنىڭ قاتتىقى يوق.

پىرنىڭ ھاسىسى ئۆنىڭ ئورنىغا.

تار يەردە ئاش يېگۈچە،
كەڭ يەردە مۈشت يە.

تاشنى تاياققا تاڭغىلى بولماس.

تالقان يەۋېتىپ، ئوتنى پۈۋلىگىلى بولماس.

تاماكىغا شەيتان كېپىل.

توپا ئالساڭ، دۆڭدىن ئال.

تۇمشۇقىغا يېمەي، بۇرنىغا سۇ كىرمەس.

تۆگە قۇيرۇقى يەرگە يەتمەس.

تۆگىنىڭ مەيلى بولسا، يانتاققا بويۇن ئۇزىتار.

تېرە بولمىسا، تۈك نەدىن چىقسۇن.

جەينەك يېقىن بولسىمۇ، چىشلىگىلى بولماس.

چاسا ئۆلچۈك يۇمىلاق مۇجۇققا چۈشمەس.

چۈجىنى سانايمەن دەپ، توخۇنى كۆرمەكچى.

چۈشمەك ئاسان، چىقماق تەس.

چىرىغىڭ قانچە بولسا، سايەڭ شۇنچە.

خويمۇ سەنەم سالغۇم بار،
پۇتۇم قوپال، قولۇم گال.

زارلىغانغا كەلمەيدۇ،
قارىغانغا بەرمەيدۇ.

زورلىغاننىڭ زورى بار،
ئىسسىق نانىڭ هورى بار.

ساقىي بولساڭ ساق بول.

سالاغا كەتكەن قىرىندىشىم.

سەهرانىڭ بېگى بولغۇچە،
شەهەرنىڭ ئىتى بول.

سەۋەبسىز ئىش بولماس.

سۇ تاشسا، دۆڭگە چاپ.

سۇنغان توقاچ يېپىشماس.

سۇ يوق يەردە تەيەممۇم.

سېپى بولمىسا، ئېپى بولماس.

سىنالمىغان قايماقتىن سىنالغان قېتىق ياخشى.

شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىماس.

شام ئۆز يېپىنى كۆيدۈرەر.

شەيتاننىڭ شاپتۇل يېگىنىگە مەن ھەيران.

غورا بولماي مېغىز بولماس.

قاچان بولغان ئۆزۈمدەك،
قاراپ تۇرغان كۆزۈمدەك.

قارنىم — خالتام، قوڭۇم — بوغچام.

قەشقەرلىقنى قۇرۇتقان سەيلىسى،
يەركەنلىكنى قۇرۇتقان مەيلىسى.

قوپ، توختىمەت، ئورنۇڭغا ئۆت.

قولنى چىشلىسە ئاچچىق،
قوڭنى چىشلىسە سېسىق.

قوناقلىققا چالما ئاتسام،
كېپەزلىك شالدىرلاپ كەتتى.

قۇش ئاسماندا ئۇچسا، سايىسى يەرگە چۈشەر.

قۇلاق ئاڭلىغاننى كۆز كۆرەر.

قۇيرۇقىنى كۆتۈرگەن كالا تېزەكلىمەي قالماس.

قىرىق يىلدا بىر ئىشەك ئويۇنى.

قىزىق ئوچاققا تۈتۈرۈق لازىم ئەمەس.

كاككۇك ئۆز ئىسمىنى قىچقىرار.

كۆزدىن قۇلاق سادىغا.

كۆز ئۇيقۇغا كەتكەندە قوڭ پۇخادىن چىقىپتۇ.

كۆڭلىدە يوقنىڭ كۆزىدە يوق.

گۆش ئەمەس، يا بەز ئەمەس.

گۇل سەھەردە ئېچىلار،
خىيال كېچىدە.

لەيپىسى يوق ساراي،
مەن قايان باراي.

ماڭغۇسى كەلمىگەن ئۇي بويۇنلاقنى سۇندۇرار.

مانتا قاسقاندا تۇرسىمۇ ئوتتا پىشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مايىقى دورا بولمىسىمۇ تايىقى دورا.

مەن كۆلۈپ بولغۇچە، سەن تېلىقىپ تۇر.

مۆزلىساڭ مۇز يە.

ناغرا، سۇناي ئاۋازى يىراقتىن ياخشى.

ھاڭگا ئېشەك بالىسىغا ئىگە ئەمەس.

ھەركىم بارغا باتۇر.

ھەر كىمنىڭ ئېغىرىنى ئىككى پۇتى كۆتۈرىدۇ.

ھەر مەرتەم — ئۈچ مەرتەم.

ھەممە كىشى ئاندىن يالىڭاچ تۇغۇلغان.

ھېيىتنى ھېيىت قىلغان ناغرا.

ئوتۇن ئۇششىقى بىلەن كۆيەر.

ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق،
سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق.

ئورنىدا بولسا ئوت ئۇنىدۇ.

ئولتۇرۇۋەرسەڭ تاشمۇ ئىسسىيدۇ.

ئويۈندىن ئويماق چىقتى،
قازاندىن قۇيماق.

ئۇزۇننىڭ ئارىسىدا قىسقا بار،
قىسقىنىڭ ئارىسىدا ئۇزۇن.

ئۇسسىساڭ تالقاننى كاپ ئەت.

ئۇمۇ يوق، بۇمۇ يوق،
ئېرىقتىكى سۇمۇ يوق.

ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ.

ئۆپكىسى تۇگەپ، كانىيى قالدى.

ئۆتكەمىدىن ئۆتۈپ، غەلۋىردە توختاپتۇ.

ئۆتمەس پىچاققا غىلتاڭ بىلەي.

ئۆچ بولماڭ، مۇپتىلا بولارسىز،
ئامراق بولماڭ، جۇدا بولارسىز.

ئۆردەككە سۇ يۇقماس.

ئۆزىگە يارىغان ئۆزگىگە يارار.

ئۆكۈزنى كاردىن چىقارغان بويۇنتۇرۇق.

ئۆمىلەپ كىرگەن دومىلاپ چىقار.

ئۈچىنىڭ بىرى خانغا ياراپتۇ.

ئىتنىڭ هارسا دۆڭگە چاپ.

ئىتىمنى شاخقا باغلىدىم،
ئۆزۈمنى ھەققە.

ئىشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە ئۇر توقۇمنى.

ئىشەككە ئوڭ ـ سولدىن مىنگەننىڭ پەرقى يوق.

ئىشەك ئىشەكتىن قالسا، قۇلىقىنى كەس.

ئىشىمدا يوق پۈرچاق پوقۇمدا نىمىش قىلار.

ئىككەككە دوقاقنى كەلتۈرۈپتۇ،
ھۈررەككە پوقاقنى.

ئىتنىڭ چىش ئاغرىقىغا ئىشەك گۆشى دورا.

ئىككى سەككىز ــ ئون ئالتە.

ئىككى قىلىچ بىر غىلاپقا سىغماس.

ياتقان ئورنۇڭدىن تايىنىپ قوپما.

يارنى چىم بېكىتىدۇ،
دەۋانى قىز.

يېگەن ئېغىز، كۆرگەن كۆز.

يېمىگەننىڭ چىشىغا تاش.

يىتكەن پىچاقنى ئاتقان پىچاق تاپار.

يىراقتىكى سۇدا ئۇسسۇزلۇق قانماس.

يىراق يەرنىڭ گېپى ھەر ياڭزا.

يىڭنە كىچىك بولسىمۇ يۇتقىلى بولماس.

www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔民间谚语：维吾尔文 / 穆海麦德·热依木编
.—乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像
出版社，2011.3
(享受少儿名著丛书.第5辑)
ISBN 978-7-5469-1442-8

Ⅰ.①维… Ⅱ.①穆… Ⅲ.①维吾尔族－谚语－汇编
Ⅳ.-中国-维吾尔语(中国少数民族语言) ①I277.7

中国版本图书馆CIP数据核字(2011)第035768号

丛 书 名 享受少儿名著丛书－5 (3)
书　　名 维吾尔民间谚语
策　　划 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯
编　　者 穆海麦德·热依木
责任编辑 艾尼瓦·库迪力克
　　　　 买哈巴·铁外库
责任校对 古丽巴哈尔·托合塔木
特约校对 阿不都热依木·阿不力米提
封面设计 努尔买买提·吾买尔
出　　版 新疆美术摄影出版社
　　　　 新疆电子音像出版社
地　　址 乌鲁木齐市西虹西路36号
邮　　编 830000
发　　行 新疆新华书店
印　　刷 新疆新华印刷厂
开　　本 880×1230mm 1/32
印　　张 12.75
版　　次 2011年3月第1版
印　　次 2011年10月第1次印刷
书　　号 ISBN 978-7-5469-1442-8
总 定 价 250.00元 (全10册)

(书中如有缺页、错页及倒装请与工厂联系)